ۋەلى داۋۇت

# كۈندىلىكتىكى چۈش



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ۋەلى داۋۇت 1969- يىل 2- ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1991- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەتلىك باج ئىدارىسىگە خىزمەتكە چىقىپ، ھازىرغىچە شۇ ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ۋەلى داۋۇت 1989- يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خارىس ساپا» ناملىق تارىخىي ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 20 نەچچە پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. ئىككى پارچە ھېكايىسى خەنزۇ ۋە قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان «پەرىشتە قونغان ماكان»، «سەپكۈنلۈك بالا» ناملىق ئىككى پارچە ھېكايىسى 7- ۋە 15- نۆۋەتلىك شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ۋەلى داۋۇت شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ۋەلى داۋۇت

# [illegible]



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)

大麻田里的梦/外力·达吾提箸.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.12(2010.3 重印)
ISBN 978-7-5373-1583-8
I. 大... Ⅱ. 外... Ⅲ. 短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. 1247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 161258 号

责任编辑:穆罕默德·阿布利孜·伯日亚尔
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

大麻田里的梦
(短篇小说集)

作者:外力.达吾提

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编 844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本 6.25 印张 1 插页
2006 年 12 月第 1 版　2010 年 3 月第 2 次印刷
印数:3081——6080　　定价:12.50 元

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927

# مۇندەرىجە


«خارىس ساپا» ........................ 1

ئىسكەندەرنى يەڭگەن چوپان ........................ 7

ھويلىدىكى قەبرە ........................ 15

پەرىشتە قونغان. ماكان ........................ 24

ئەركىنلىكتە ئۆلۈش ........................ 33

قارا سېدە ........................ 37

ياۋايى ھايۋانلار مۇھاپىزەت بازىسى ۋە جىنايەت ........................ 48

ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىم ........................ 56

بالا ۋە ئۇنىڭ تورۇق ئېتى ........................ 65

ئاتا، سىز كىم؟ ........................ 71

كەندىرلىكتىكى چۈش ........................ 80

تۆمۈر قەپەس ........................ 104

كىتەك بالىق ........................ 117

سەپكۈنلۈك بالا ........................ 138

يولۋاسخان ........................ 147

ئالتۇن بۇت ........................ 169

# «خارىس ساپا»

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نامسىز قەھرىمانلىرىغا بېغىشلايمەن.

تېخى گۈگۈم چۈشمىگەنىدى. گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى ئاۋۋالقىدەكلا ھەيۋەت بۈك قارىغايلىق تاغقا تۇتاشقان 30 نەچچە ئۆيلۈك مەھەللىنىڭ كونا مەسچىتىگە يىغىلىشتى ـ دە، مىلتىق ۋە ئاپتوماتلىرىنى مېھرابقا تىزىپ قويۇپ، بەزىلىرى بورا ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىشتى. قايسىبىرلىرى تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان موزايىنى سۆرەپ كېلىپ، سويۇپ ـ پارچىلاپ مەسچىت ھويلىسىدىكى سۇ توشتۇرۇلغان داش قازانغا تاشلاپ ئوتنى ئۇلغايتتى.

— ئوفىتسېر جانابلىرى، مەن بېرىپ بىرنەچچە شىشە تېپىپ كەلسەم قانداق؟ — دېدى بىر ئەسكەر كىگىز ئۈستىدە ياتقان ئوفىتسېرغا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئېگىلىپ، ئارقىدىنلا قورقۇپراق ئاستا قوشۇپ قويدى، — بۇرادەرلەر ئازراق كەيپ قىلساق، دەپ ئىلتىماس قىلىشىۋاتىدۇ.

ئوفىتسېر بىردەم جىمجىت ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئۆرە بولۇپ:

— بولىدۇ، ياخشىراقىدىن بولسا تېپىپ كەلگىن، — دېدى.

ئوفىتسېر ئورنىغا قايتىدىن سوزۇلۇپ ياتتى ـ دە، تورۇستىكى ئىسلىشىپ ئېسىلىپ تۇرغان بورا پارچىلىرىغا تىكىلىپ ئەلەملىك خىيالغا چۆكتى:

«مۇشۇنداق نەس باسقان — شەيتان يولىماس يەرلەرگە مېنىلا بۇيرۇشىدۇ، ئۆزلىرى بىر كېلىپ باقىسىدى، ھەممە ياق لەھەتتەك

سۇرلۇك، خۇددى هازىرلا دەھشەتلىك چىقىن يېنىپ ھەممىنى كۇ- كۇم- تالقان قىلىدىغاندەك. كاشكى بۇ يەرنىڭ جاھىل خەلقىدىن بىرەر ئېغىز ئىقرار ئېلىش مۇمكىن بولسا! ھەرقانچە ئۇرۇپ - توقماقلى- ساقمۇ ھامان بۆرىدەك ھۇرپىيىپ، ئۇنسىز تۇرغىنى تۇرغان. ئۇلار- نىڭ دەيدىغىنى پەقەت تاغدىكى ئوغرىلار بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق، بىز ئۇلارنىڭ تۇرار جايلىرىنىمۇ بىلمەيمىز، دېگەن بىر جۇملىلا سۆز. بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە ئۇچ كۇندىن ئاشتى. پۈتۈن يېزىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ - ئېدىرلارنى چاشقان تۆشۈ- كىگىچە قېدىرىپ چىقتۇق. ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلغىنى يوق. شۇنىڭغا قارىماي ھەر كۇنى ئادەم ئەۋەتىپ، تاغ باندىتلىرىنى تۇتۇپ بىر ھەپتە ئىچىدە ساقچى ئىدارىسىگە ھەيدەپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلىشىدۇ. بۇ جانابلار ھەتتا چۇشلىرىدە كۆرگەنلىرىنىمۇ بىزگە بۇيرۇشىدۇ...

— دوكلات، كوماندىر.

ئوفىتسېر چۆچۇپ خىيالدىن ئويغاندى - دە، ئالدىدا تۇرغان ئەسكەرنىڭ مەست ۋە خۇنۇك ھالىتىگە نەپرەت بىلەن قادالدى.

— سۆزلە!

سىرتتا ئىككى ئادەم سىز بىلەن كۆرۇشۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ،— دېدى ئەسكەر تىلىنى چايناپ.

— ساقچى ئىدارىسىدىن كەپتىمۇ؟— زەردە بىلەن سورىدى ئو- فىتسېر.

— ياق، ناتونۇش ئادەملەر. ئۇلار تاغ ئوغرىلىرى توغرىسىدا خەۋەر ئەكەپتۇ. ئوغرىلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— ناھايىتى ياخشى،— ئوفىتسېرنىڭ روھىي ھالىتىدە جانلى- نىش پەيدا بولدى،— ئۇلارنى چاقىر!

ئەسكەر چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىردى. بىرى بۇدۇر قارا ساقاللىق، سېمىز، گەۋدىلىك؛ يەنە بىرى ۋىجىككەك، ساقالسىز ئىدى. ئۇلار سېمىز، ئۇركىگەك قارا قوينى

يېتىلىگەن پېتى تەمتىلەپ مېڭىپ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئاندىن ھەر ئىككىسى ھىجايغىنىچە ئوفىتسېرغا پوكلىنىپ سالام بەردى.

— سىلەر تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ جۇل - جۇل، ئوشۇقىغىچە سۆرىلىپ تۇرغان قارا پەشمىتى ۋە قېرى كالا تېرىسىدەك پۈرۈلۈپ - پۈرۈلۈپ كەتكەن قوپال چورۇقىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ سورىدى.

— شۇنداق، باشلىق جانابلىرى، بەش قولدەك بىلىمىز. ئۇلارنى تېخى ئاۋۋال ئاخشاملا تاغدا ئۇچراتتۇق، — بۇدۇر ساقاللىقى خۇددى بوغۇزىنى نامەلۇم قول بوغۇۋاتقاندەك خىرىلداپ جاۋاب بەردى.

— ئۇلار قانچە ئادەمكەن؟ سەن بىلەن سۆزلەشتىمۇ؟

— ئۇلار سەككىز ئادەمكەن··· ياق، ھەممىسى بولۇپ يەتتە ئادەمكەن. مەن قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇلار كۆرۈپ قېلىپ «ھەي! تاز موزاي، بۇ ياققا كەل!» دېدى.

— كېيىنچۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئوفىتسېر.

— ئۇلار مەندىن «ئىسلام يېزىسىغا ھۆكۈمەت ئەسكىرى چۈشتىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ھەئە، مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن 70 ئەسكەر كەلدى» دېدىم، ئۇلار چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن مېنى: «ئەگەر بىزنىڭ قەيەردىلىكىمىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويساڭ سېنى ۋە خوتۇنۇڭنى بوغۇزلىۋېتىمىز» دەپ قورقۇتۇپ قوغلىۋەتتى. ئەمەلدە يەتتە مېنىڭ مۇشۇ ئىنىمدىن باشقا قانداقتۇر خوتۇنۇم، ھەتتا تۇغقانلىرىممۇ يوق ئىدى.

ئوفىتسېر ئۇلارغا يېقىنلاپ ھەيۋە بىلەن سورىدى:

— مېنى ئالدىماقچىمۇسەن؟ سەنلەر نېمە ئادەم؟ قانداق بولۇپ ئوغرىلارغا ئۇچرىشىپ قېلىشتىڭ؟

— باشلىق جانابلىرى، بىز ھۆكۈمەتنى ھەرگىز ئالدىمايمىز ھەم ئالداپ باققانمۇ ئەمەس، ھەممىسى راست گەپ. مېنىڭ ئىسمىم خارىس ساپا، غەلىتە ئىسىم ، بۇ بىزگە دادىمىزدىن مىراس قالغان.

كىشىلەر بىزنى مۇشۇنداق ئاتاپ كەمسىتىشىدۇ. بۇ ئىنىمنىڭ ئىسمىمۇ شۇ — خارىس ساپا. دادىمىز ئوتۇنچى ئىدى، تىنچ كۈن كۆرۈۋاتاتتۇق. بىر كۈنى تاغدىكىلەرنىڭ بىر پالۋىنى ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ دادامنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپ، ئىككى ئېتىمىزنى بۇلاپ كەتتى. دادام تاياقتىن ئۆرە بولالماي ئۆلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئىنىم ئىككىمىز تاغدىن ئوتۇن توشۇپ كۈن ئېلىۋاتىمىز. تۈنۈگۈن ئۇلارنى ئۇچراتتۇق - دە، بىردىنبىر مۈلكىمىز — مۇشۇ بىر قوينى ئېلىپ سىلەرگە قېتىلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن سىلەرنى ئاشۇلارنىڭ نەق ئۇۋىسىغا باشلاپ بارالايمەن، — بۇدۇر ساقاللىق سۆزىدىن بىردىنلا توختاپ، ئىنىسى بىلەن تەڭ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يىغلامسىراپ يالۋۇردى:

— بىزنى ئەترىتىڭىزگە قوبۇل قىلىڭ، باشلىق جانابلىرى، تاغلىقلارنى يوقىتىشقا بىزمۇ قاتنىشىمىز، بولمىسا بىز دادىمىزنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز.

ئوفىتسېر مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويۇپ ئېيتتى:

— ياخشى، ياخشى خارىس ساپا، بىز سىلەردەك قابىل ئادەملەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلايمىز. ئەتە سەھەرلا بىزنى ئوغرىلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. سىلەرگە قورال ھەم كىيىمنى باش ساقچى ئىدارىسىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزۈم ھەل قىلىپ بېرىمەن ۋە مۇكاپاتلايمەن.

— رەھمەت، باشلىق جانابلىرى... سىز بىزنىڭ باشپاناھىمىز، — ئۇلار خۇشاللىقتىن ھودۇقۇپ كېكەچلەيتتى، — سىزگە مۇشۇ ئەرزىمەس قويدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەكېلەلمىدۇق. رۇخسەت قىلىڭ! غاچچىدە سويۇپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئوخشىتىپ بىر شورپا قىلايلى، بۇرادەرلەر ئېغىز تەگسۇن. قوزا چېغىدىن تارتىپ ئۆزىمىز بوردىغان قوي بۇ...

ئوفىتسېر قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئەلۋەتتە، مەن سىلەرنىڭ دوستلارچە ھىممەت - رايىڭلارنى

قايتۇرمايمەن.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئوفىتسېر ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قاچ-قۇنلىرىدىكى «بورداق قوي شورپىسى» نى ئىچىپ تۈگەتمەستىنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ھېلىقى ئىككى «خارىس ساپا» مېھرابتا ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان پوستلارنىڭ قوللىرىدىكى قورالىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئوفىتسېرنىڭ ئې-تىغا غانجۇغىلاپ تاڭدى. ساقالسىز، ۋىجىكرەكى قالايمىقان چېچىل-غان قوي گۆشى ئۈستىدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ئوفىتسېرنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەمراھىغا كۆز قىسىپ قويۇپ:

— قورال ۋە كىيىمنى ھازىرلا ھەل قىلىۋالساقمۇ بولىدۇ، باشلىق جانابلىرى، — دېدى.

ئۇلار بىردەمدىلا ئوفىتسېرنى كالتە ئىشتان بىلەنلا قالدۇردى-دە، گومىنداڭچىلارنىڭ ھويلىدىكى هارۋىسىغا قېتىلغان ئاتلىرىنى چىقىرىپ، يېتىلەپ سىرتقا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا مەھەللىدىكى كىشىلەر مەسچىت ئالدىغا يىغىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار يوچۇن ئىككى كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئىككى ناتونۇش ئادەم ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ماڭماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ كىشىلەرگە بىرنەچچە سېكۇنت قاراپ تۇرۇپ قالدى.

كېيىن بۇدۇر ساقاللىقى يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ سىلىق ۋە ئېنىق قىلىپ:

— رەھمەت ئاتىلار، سىلەر بىزگە كۆپ ھەمدەمدە بولۇپ روھى-مىزنى كۆتۈردۈڭلار، سىلەردەك ئىشەنچلىك ئارقا تىرىكىمىز ۋە تەۋرىمەس يۆلەنچۈكىمىز بولغاچقىلا بىز دۈشمەنلەر بىلەن يۈرەكلىك يۈزلىشىۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاخىرقى ئۇتۇققا ئېرىشكۈچە كۆرەش قىلىمىز، — دېدى ۋە بىردىنلا يۈزلىرى چۈۋۈلۈپ تۇرغان كونا تۇمىقىنى، بۇدۇر ساقاللىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۇلار-

نى دەرھاللا تونۇدى ۋە:
— ياشا، پالۋان! — دەپ تۈۋلاشتى.
«خارىس ساپا» لار — خەلقنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كىشى-
لەرنىڭ دۇئا ۋە رەھمەت، ئالقىش سادالىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ تاغ
ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

1988 - يىل 4- ئاي



# ئىسكەندەرنى يەڭگەن چوپان

بۇنىڭدىن 2500 يىللار بۇرۇن، تۇران.

قەدىمىي دالىدىكى سۇس قان رەڭلىك يورۇقلۇق بارغانچە ئۆچۈپ، قۇدرەتلىك گۆگۈم ياۋاشلاپ جىمىغان زېمىننى چەكسىز قوينىدىغا ئېلىشقا باشلىدى.

بىرنەچچە كۈنلۈك جىددىي يۈرۈشتىن ھېرىپ - چارچىغان بىھېساب قوشۇن ئېغىرلاشقان ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، كەچكى قونالغۇ ۋە غىزالىنىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. تۈمەن يىللاپ ئادەم ئايىغى باسمىغان، جان - جانىۋارسىز بىپايان دالا جەڭ ئاتلىرى ۋە لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ، راسا جانلىنىپ كەتتى.

شۇ چاغ قوشۇننىڭ جەڭگىۋار باش قىسمى تەرەپتىن گۆگۈم قوينىنى يېرىپ تۆت ئاتلىق چېپىپ كەلدى. ئۇلار قوشۇننىڭ مەركىزىگە تىكىلگەن توق قىزىل رەڭلىك يىپەك چېدىرغا يېقىنلىشىپ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئارىدىن زەبەردەس بىرى جەبدەسلىك بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئالدىغا بىر ئاز مۈكچەيگەن قوپال گەۋدىسىنى ئىرغاڭلاتقان پېتى قاتمۇقات مۇھاپىزەتچىلەر سېپىنى بېسىپ ئۆتۈپ شاھ چېدىرى ئالدىغا كەلدى. ئۇ چېدىر ئىشىكى ئالدىدا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېراتورى— شەرقنىڭ بۈيۈك جاھانگ-

ـرى گىستاسىپ دارا[1]نىڭ ئـەڭ ياخشـى كۆرىـدىـغـان پېشقەدەم باتۇرى — لەشكەر بېشى رانۇس چات ئىدى.

چېدىر ئىچىدە ئىمپېراتور گىستاسىپ دادا يۇڭدىن توقۇلغان جىگەررەڭ پىلاشنى يېپىنچاقلاپ نەپىس ئوتداندىكى مۇقـەددەس ئىلا-ھىي ئوت — كىچىك گۇلخانغا بىرىلگەن پىتى ئۆرە تۇراتتى. گۇلخان ئۇنىڭ مەغرۇر تۇس ئالغان قىزىل ساقاللىق يۈزىنى ۋە قامەتلىك كەڭ يەلكىسىگە چۈشكەن بۇدۇر چاچلىرىنى قىزىل يورۇتۇپ، تېخىمۇ ھەي-ۋەتلىك ۋە بۈيۈك ھالغا كىرگۈزگەنىدى.

رانۇس چات ھېچ نەرسىنى سەزمەي چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىم-پېراتورنىڭ پىكرىنى بۆلۈۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، خېلىغىچە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئاخىر جۈرئەتلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئالىيلىرى، ئالدىنقى سەپتىكى چارلىغۇچىلار يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان بىر كىشىنى تۇتۇۋاپتۇ. سۆزىچە، ئۇ دەشت - باياۋاندا نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قوشۇنىمىزنى ئىزدەپ كەلگەنىمىش. ئۆزى ساكلار[2]ئېلىدىن ئىكەن. ئالىيلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈ-شۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ۋەھالەنكى، دارا خۇددى شۇ كىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى. لې-كىن، دەماللىققا ھودۇقۇپ قالدى. بىردىنلا خۇددى ئىسىقنى تاپقان-دەك مۇقەددەس ئوتقا تېڭىنىپ قىسقىغىنە ئىبادەت قىلدى.

— بۇ ئىلاھىمنىڭ ۋەھىيسى، رانۇس چات! غەلىبىمىزنىڭ بېشارىتى. دۈشمەننىڭ دەشت - چۆللىرىدە يول تاپالماي يۈرگەن پەيتتە ياۋلاردىن قېچىپ كەلگەن شۇنداق بىر ئادەم ئون سانغۇندىنمۇ

---

① گىستاسىپ دارا I — مىلادىيەدىن بۇرۇن 700- يىلىدىن 330- يىلىغىچە تۆت ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇن 521- يىلىدىن 486- يىلىغىچە بولغان ئىمپېراتورى. قەدىمكى ئىران تارىخچىلىرى گىستاسىپ دارا I نى گرېك ئىمپېراتورى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالىكساندىر ماكىدونىسكى) نىڭ ئەجداد — قېرىندىشى ھېسابلاپ «ئىسكەندەر» ياكى «ئىسكەندەر دارا» دەپ تەرىپلەپ كەلگەن.

② ساك — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىران تارىخ-نامىلىرىدىكى بىرخىل ئومۇمىي ئاتىلىشى.

مۇھىم. ئۇنى چاپسان باشلاپ كىر!
ئۇزاق ئۆتمەيلا رانۇس چات يۈز - كۆزلىرىنى قارا رەخت بىلەن مەھكەم يۆگىۋالغان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. دارانىڭ كۆز ئالدىدا قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىپ تاشلانغان، ئىششىپ شەلۋەرگەن ياردىن ئاققان قان - يىرىڭلار يۈز - بويۇنلىرىدا، تېرە شالۋۇرىنىڭ ياقىلىرىدا قېتىپ كەتكەن، ئادەم سىياقى قالمىغان قورقۇنچلۇق بىرسىيما نامايان بولدى. دارا ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئەپتىگە خېلىغىچە سەپسېلىپ تۇردى. ناتونۇش كىشىمۇ ئوت يانغان كۆزلىرىنى داراغا تىكىپ جىمجىت تۇراتتى. سۈكۈت خېلىغىچە داۋام قىلدى. ئاخىر دارا جىمجىتلىقنى بۇزدى.
— جىم تۇرۇۋالما، سۆزلە!
— ئالدىڭدا تۇرغان ئادەمگە ياخشىراق سەپسال شاھىنشاھ دارا. يېگانە ئىلاھ ھورمۇزدىنىڭ ھەم سېنىڭ بۈيۈك شان - شۆھرىتىڭنىڭ خالىس تەرغىباتچىسى، تارقاتقۇچىسى خىزمەتكارىڭنىڭ ھاقارەتلىك ئاقىۋىتىگە سەپسال. ئۇ سېنىڭ شەرەپلىك نام - شەرىپىڭنى سۆزلىگىنى ئۈچۈن ئۆز ئەل - قوۋمىدىكىلەر تەرىپىدىن مۇشۇنداق دەھشەتلىك خورلۇق - زۇلۇمغا ئۇچرىدى. مۇقەددەس نۇرلۇق ھورمۇزدقا چوقۇنۇشنى، سېنىڭ ھەققانىي، يېڭىلمەس ھۆكۈمرانلىقىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قورقماي سۆزلىگىنى ئۈچۈن، قۇلاق - بۇرۇنلىرىدىن ئايرىلىپ ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كەتتى. ئادەملىك ئىززەت - نەپسى يەر بىلەن يەكسەن قىلىندى. ئۇلار مېنىڭ كۆزلىرىمنى ئويۇپ، تېنىمنى كېسىپ سازايى قىلماقچى، شۇنداق ۋەھشىيلىك بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مەن تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ خۇددى بىر ياۋايى يىرتقۇچتەك چۆلگە قېچىپ چىقتىم. چۆل- باياۋاندا يەتتە كېچە - كۈندۈز مېڭىپ سېنىڭدىن ھەققانىيەت، ئادالەت تىلەپ كەلدىم. ماڭا رەھىم قىل قۇدرەتلىك دارا! مۇقەددەس ئوت تەڭرى ساڭا ئاتا قىلغان ھوقۇقىڭنى يۈرگۈز، قىساس ئېلىشىمغا

ياردەم قىل!

ئىمپېراتور گىستاسىپ دارانىڭ كۆكۈمتۇل كۆزلىرى ئوت بو-لۇپ ياندى.

— مۇقەددەس زورو ئاستر[1] نىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھەققانىيىتى بى-لەن قەسەم قىلايكى، مەن سېنىڭ تارتقان زۇلۇملىرىڭنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن. ماڭا — بۈيۈك داراغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ، ھاقارەت كەلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتىنى تونۇتى-مەن. بەدەۋى ساكلارنى يەر يۈزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايمەن! كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇكى، سەن مۇقەددەس تەڭرىم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن غەلىبە ئەلچىسىسەن. ئۇزاقتىن بېرى تەڭرىدىن شۇنى تىلىگەن. تىلىكىم ئىجابەت بولدى. ئىلاھ ھورمۇزد قانلىق جەڭلىرىمىزدە ھەر-بىر جەڭ ئاتلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. بىز چوقۇم غالىب كېلىمىز!

قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىۋېتىلگەن قاچقۇن ساك يەر سۆيۈپ داراغا تەزىم قىلدى.

— ئەنتىمنى ئېلىپ، ئار - نومۇسۇم يۇيۇلسا، مەن سېنىڭ ئاياغ ئاستىڭدا ئۆلۈشكىمۇ رازى.

— ئۇرۇشتىن كېيىن سەن قۇلاق ئاڭلىمىغان ئىنئاملارغا ئېرى-شىسەن، يېقىن مەھرەملىرىم قاتارىدا چەكسىز ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولىسەن. ئەمدى سەن ماڭا ئۇلارنىڭ لەشكىرىي كۈچلىرىنى سۆزلەپ بەر.

— ئۇلار ھازىر بۆلۈنمە ھالەتتە، ئالىيلىرى. ھەربىر قەبىلە - قوۋم ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئۆچمەنلىك ئۇرۇ-قى چېچىلدى. بىخۇدلىشىپ ھوقۇق تالىشىش قايىنىمىغا چۆكۈپ كەت-تى. ئۇلاردا ئىلگىرىكى بىرلىكتىن، جاھاننى تىترىتىدىغان كۈچ -

---

① زورو ئاستر — زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ ئىجادچىسى. مىلادىيەدىن بۇرۇن VI ئەسىرلەردە ئىرانغا ئەڭ تارقالغان. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان.

قۇدرەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ چۆللەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى ماڭا ئۆز چېدىرىمدەك تونۇش. مەن سىنى ساكلارنىڭ ھېچ ئويلىمىغان ئاجىز يېرىدىن — ئارقا سېپىدىن باشلاپ چىقىمەن. ئۇ يەردە مەدەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن قوي - يىلقىلىرى ھېسابسىز.

— ياخشى، بۇ يەردىن ساكلار ئېلىگە يەنە قانچە كۈنلۈك يول بار؟

— يەنە يەتتە كۈنلۈك. يۈرۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن پەقەت شۇ-نىڭغا يەتكۈدەكلا ئوزۇق تەييارلىۋالساق بولىدۇ.

— ئەتىلا يىزنى باشلاپ ماڭ. ئىسمىڭ نېمە؟

— ساداقەتمەن خىزمەتكارىڭىنىڭ نامى — شىراق.

2 - كۈنى قان رەڭگىدىكى يورۇقلۇق دالىنى قايتىدىن پۈركەپ يورۇتۇشى بىلەن دارانىڭ قۇدرەتلىك جازا قوشۇنى يېنىك ھازىرلى-نىپ، پادىچى شىراقنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەرققە — ساكلار ئېلىگە تېز سۈرئەتتە يۈرۈش باشلىدى.

7- كۈنى پۈتۈن قوشۇن ئۈرۈش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى سۇ - ئوزۇقلىرى بىلەن تويغۇچە غىزالاندى. دارا قۇملۇقنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقىغا قارىماي، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئوتقاشتەك ساۋۇت - دۇبۇلغىنى كىيدى. شىراقمۇ دارا ھەدىيە قىلغان ئېسىل قىلىچ - ساۋۇتلار بىلەن قوراللاندى.

—بۈگۈن گۈگۈمغا قالماي ساكلار ئېلىگە بېسىپ كىرىمىز، — دېدى شىراق.

يۈرۈش قۇياش ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى ئارقىسىغا ئۆتۈپ يۇلتۇزلار پارقىراپ يېنىشقا باشلىغان ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. لېكىن، بىپايان قۇملۇقتا ئەل تۇگۇل ياۋا ئوت - گىياھلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى تەرەپتىن لەشكەر بېشى رانۇس چات قۇملۇق ئۈستىدە ئېتىنى تەستە چاپتۇرۇپ ھودۇققان ھالدا دارانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— ئەتراپىمىزنى يىراقلارغىچە چارلاپ كەلدۇق. ھەممە تەرەپ پايانى يوق گىياھسىز قۇملۇق. ساكلار ئېلى كۆرۈنمەيدۇ.

دارانىڭ كۆڭلىدىن شۇ چاغدىلا سوغۇق ۋەھىمىلىك ئوي كېچىپ، چىرايى دەھشەتلىك تۇس ئالدى. ئۇ ئېتىنى تۇيۇقسىز شىددەت بىلەن قامچىلاپ يېقىندىكى قۇم بارخىنى ئۈستىگە چېپىپ چىقتى. يىراقلارغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا قايتىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئاغزى غەزەپ، ئەلەمدىن قىيسىيىپ، قىزغۇچ بۇدۇر ساقاللىرى تىترەۋاتاتتى.

— ئۇنى ئەكەل، — دېدى ئۇ چىشلىرى ئارىسىدىن ئۇشقىيتقاندەك.

رانۇس چات ئېتىنى بۇراپ ماڭماقچى بولۇۋىدى. لېكىن، يىراقتىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان شىراقنى كۆزى چۈشۈپ ئورنىدا توختاپ قالدى. شىراق مەغرۇر قەدەملىرى بىلەن دارانىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرىگە مەسخىرىلىك تىكىلىپ تۇرۇپ، دارانىڭ خاس تېۋىپى مەلھەملەپ تېڭىپ قويغان قۇلاق - بۇرۇنلىرىدىكى قانلىق لاتىلارنى يۇلۇپ ئالدى. ئۇستىدىكى ساۋۇت - قىلىچنى دارانىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

دارا ئەسەبىي غەزەپتىن جالاقلاپ تىترىگەن پېتى ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ شىراققا ئېتىشىپ بوغۇق، ئەلەملىك ھۆركىرىدى.

— سەن بۇيۇك گىستاسىپ دارانى ئالداشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ … خۇنخور ۋەھشىي پېرىخون، تېگى پەس زەھەرلىك قۇرت! سەن زادى كىم؟ بىزنى قانداق يەرگە باشلاپ كەلدىڭ؟

— ساداقەتمەن خىزمەتكارىڭنىڭ نامى — پادىچى شىراق، دارا ئالىيلىرى. مەن سېنى ۋە بىھېساب قۇدرەتلىك قوشۇنىڭنى دوزاخقا — توپتوغرا ئوت - يالقۇنلۇق دوزاخقا باشلاپ كەلدىم.

شىراق چەكسىز قۇملۇقنى پۈركەپ ئالغان گۇگۇم پەردىسىنى تىترىتىپ مەغرۇر، جاراڭلىق قاقاقلاپ كۈلدى.

— مەن يەڭدىم! قەدىردان ساكلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنى بىر ئۆزۈم يەڭدىم. گۇمران قىلدىم. پۈتۈن خەلقىمنى ـ قۇۋمىمنى، مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىمنى ئىپلاس ياۋلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن ساقلاپ قالدىم. ئەمدى خەلقىم مېنى ئۇنتۇمايدۇ، مەندىن پەخىرلىنىدۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قوشاق قېتىپ مەدھىيىلەيدۇ. مەن ئەۋلادلىرىمىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ياشايمەن!

مانا ئەمدى بۇ يەردىن قايسى تەرەپكىلا ماڭساڭ سۇ ـ گىياھسىز، جان ـ جانىۋارسىز يەتتە كۈنلۈك قۇم — دەھشەتلىك يول. بۇ شۇنداق جايكى، ياۋا توڭگۇزلارمۇ ياشىيالمايدۇ. قۇش ئۇچسا قانىتى، ئات ماڭسا تۇيىقى كۆيىدۇ. پۈتۈن قوشۇنلىرىڭدا بىر تولۇممۇ سۇ ياكى ئوزۇقلۇق قالمىدى. قەيەرگىلا ماڭ سېنى ھەم ساناقسىز لەشكەرلىرىڭنى دەھشەتلىك ئۆلۈم كۈتىدۇ. سېنىڭ بىر يېگانە ساك چوپانى قولىدا ئۆلگىنىڭنى ۋەتىنىڭگە خەۋەر قىلىپ بارغۇدەك ئادىمىڭمۇ قالمايدۇ. ھەممە قۇرۇپ تۈزۈيدۇ.

بۇرۇن سېنىڭ بۈيۈك بوۋاڭ[1] خىسراۋ ھازىرقىدىنمۇ ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك قوشۇن بىلەن تۇپرىقىمىزغا بېسىپ كىرگەندە سۆيۈملۈك ئانىمىز — تۇمارىسنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. ئۇ، قانخور بوۋاڭنىڭ بېشىنى قان توشتۇرۇلغان تۇلۇمغا تاشلاپ قان بىلەن سۇغارغان. ئەمدى سەن مېنىڭ — بىر پادىچىنىڭ قولىدا ئۆلىسەن. مەن سېنىڭ ۋەھشىي، رەھىمسىز باغرىڭنى يالقۇنلۇق تەڭرى قۇملۇقىنىڭ، مۇقەددەس قۇياش تەڭرىمنىڭ غەزەپ ئوتى بىلەن ئۆرتەيمەن!

ئۆلەر چېغىڭدا شۇنىمۇ بىلىپ قوي، ئەخمەق، ھاكاۋۇر دارا. قوڭۇر تۇپراق ئۈستىدىكى ھېچبىر قۇدرەت مۇقەددەس كۈنلەرنى — بۈيۈك ساكلارنى مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ!

---

① خىسراۋ — گىستاسىپ دارا I نىڭ بوۋىسى، مىلادىيەدىن بۇرۇن 530- يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا تۇرانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئايال خاقانى — تۇمارىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ۋەھىمە ۋە ھەققانىي روھىي زەربىدىن ئۆزىنى يوقاتقان دارا ئاتتىن ئېڭىشكەن پېتى شىراققا تىكىلىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ساتقۇن ئىپلاس، قارغىش تەگكۈر ئالۋاستى چوپان!

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك غالجىرلاشقان لەشكەر بېشى رانۇس چات قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن پېتى ئات بىلەن بېسىپ كېلىپ شىراقنىڭ مۇرىسىدىن چاپتى. شەپەق نۇرىدىن تېخىمۇ قىزىرىپ - يالتىراپ ئاققان قان ناھايىتى تېزلا كۆكۈچ قۇمغا سىڭىپ كەتتى.

گىستاسىپ دارا ۋە رانۇس چات شىراقنىڭ قۇم ئۈستىدىكى جەسىتىگە ئۇزاققىچە قىمىر قىلماي قاراپ تۇرۇشتى. دارا تۇيۇقسىز قاتتىق سەسكىنىپ ھودۇقۇپ ئۆرە بولدى. شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئالغا شىلتىدى - دە، ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك ئېتىنى تەلۋىلەرچە قامچىلاپ شەرق تامان چاپتى.

— شەرق تېخىمۇ خەتەرلىك! پايانسىز قۇملۇق... دەھشەتلىك كۆچمە بارخانلار... ئاندىن... ئاندىن ساكلار!

رانۇس چات ۋەھىملىك خىرىلداپ توۋلىدى. دارا ئاتنى ئىتتىك بۇراپ بىردەم ئالاقزادىلىك بىلەن تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، پۈتۈن قوشۇنغا قاراپ بوغۇق ۋارقىرىدى:

— ئارقىغا چېكىن!

ئۇ ھەيۋەتلىك بېزەلگەن تۇلپارنىڭ ساغرىسىغا قامچا دەستىسى بىلەن قاتتىق ئۇردى. ئات شاپشىپ ئالغا تاشلاندىيۇ، تۇيۇقسىز تېخى سوۋۇمىغان قىزىق قۇمغا پېتىپ، تىزلىنىپ قالدى.

1989- يىل 10- ئاي

# هويلىدىكى قەبرە

كەچكى گۈگۈم غەپلەتكە پېتىپ، غۇۋالىقتا كۆزدىن ئۆچۈۋاتقان هويلا. شورلىشىپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن پاكار سوقما تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى قاراڭغۇلۇق تىقىلغان جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن بوغۇق، ئەلەملىك هەم قورقۇنچ بىلەن هۇۋلىغان هۇۋقۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هۇ… ۋ… ۋ…ۋ.

— پارول؟!

ئۈچ جەڭچى ئاپتوماتلىرىنى سازلىقتا ئادەم بويى ئۆسكەن قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇققا توغرىلاپ مەردانە، قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى. قارامتۇل هۆل قومۇشلار بىردىنلا ئاجىز شىلدىرلاپ جىمىدى. ئەتراپ يەنىلا ئېغىر سۈكۈت قوينىغا چۆكتى.

— قىمىرلاشقا، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمىز!

ئۇلار ئاپتوماتلىرىنىڭ تەپكىسىنى ئېھتىيات بىلەن يېرىم بې-سىپ، هېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا گۇمانلىق نىشانغا ئوق ئۈزۈشكە هازىرلاندى. قىساسكارغا ئەجەل ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىۋاتقان ئەنە شۇ پەيتتە — بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا كۈمۈش ئاي تۆمۈردەك ئېغىر، قارامتۇل بۇلۇتلار قورشاۋىنى يېرىپ ئۆتۈپ پاتقاقلىق، بەتبۇي سازلىقنىڭ قاراڭغۇسىنى هەيدەپ، هەممە يەرنى ئۆزىنىڭ ئاپئاق نۇرى بىلەن سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى. هېلىلا رەھىمسىز هۇۋلاپ تۇرغان يىرگىنچلىك سازلىق ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئاقىرىپ، گۈزەللىشىپ كەتتى.

شۇ چاغدىلا ئۇلار يېقىن يەردە — قومۇشلار ئارىسىدا تۇگۇلۇپ ياتقان كۆل رەڭ ئىككى گەۋدىنى ئېنىق كۆردى. جەڭچىلەردىن بىرى شۇئان ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئورنىڭدىن تۇرۇش! قارشىلىق قىلىشساڭ ئېتىپ تاشلايمىز.

ئۇلار يەنىلا باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ قومۇشلار ئارىسىدا تۇگۇلۇپ يېتىۋەردى. ھېلىقى جەڭچىلەردىن بىرى ئىستىھزا بىلەن خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ھە، بولدى ئەمدى. سىلەرنى كۆرۈۋالدۇق، تاڭ ئاتتى. مۆكۈشمەك ئويۇنىمىز تۈگىدى. ياۋاشلىق بىلەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ، قول كۆتۈرۈش!

كۆل رەڭ گەۋدىلەر ئىنتايىن ئېھتىيات ھەم ۋەھىمە بىلەن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈشۈپ، ئاپئاق يورۇپ كەتكەن ئەتراپقا قاراپ داڭقېتىپ قالدى. تۇنجى قېتىم ئۇۋىسىدىن چىققان سۇغۇرلاردەك چەكچىيىپ، چىرايلىرى كۈلكىلىك دەرىجىدە پۈرۈشۈپ كەتتى.

— ئورنىڭدىن تۇرۇپ، قولۇڭنى كۆتۈرۈش! ياۋاش بولۇش، بولمىسا مېڭەڭلارنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ تاشلايمىز.

جەڭچىلەر دۈشمەن فورمىلىرىنى تونۇپ غەزەپلىك، جىددىي ۋارقىرىدى.

قورقۇش ۋە ئەلەمدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ كەتتى. يەرنى تىرەجەپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ئوق چىقارماڭلار ئۇكىلىرىم، ئۆز ئادەملەر ئىكەنمىز...

— ئاغزىڭنى يۇمۇپ، قولۇڭنى كۆتۈر!

جەڭچىلەردىن بىرى ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ مۈكچىيىپ قولىنى كۆتۈردى. ئارقىدىنلا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— بىز قېرىنداشلىرىمىزغا ئەگىشىش ئۈچۈن گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قېچىپ چىقتۇق. ھېلىمۇ ياخشى سىلەرگە يولۇقۇپتۇق،

خۇداغا شۈكرى. ئۆز قېرىنداشىمىز بىلەن قان چېچىشىشقا قىل قاپتۇق. ئۈكىلىرىم، بىزمۇ قۇرۇق قول پېتى ئۆز جېنىمىزنىلا ئېلىپ قاچقىنىمىز يوق. دۈشمەننىڭ قوماندانلىق شتابىدىن ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي ئاخباراتلارنى قولغا چۈشۈردۇق.

جەڭچىلەرنىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى. ئۇلاردىن بىرى قالغان ئىككى جەڭچىنى ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالماسلىققا شەرەتلەپ، ئۆزى قاچقۇنلارغا بىرنەچچە قەدەم يېقىنلاپ باردى.

— ھە، مۇنداق دەڭلار، ناھايىتى ياخشى، جايىدا ئىش قىلىپسىلەر، تاغىلار!

— بىز بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلماقچى ئىدۇق، لېكىن پۇرسەت تاپالماي يۈرگەن. ئاخىر بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ. مانا، ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە،— قاچقۇنلاردىن بىرى قولىنى ھەربىي كەمزۇلنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئاختۇرۇشقا باشلىدى،— مانا - مانا، ناھايىتى جىق. كاساپەت!

جەڭچىلەر ئۇنىڭ ھاياجاندىن ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ قوينىدىكى قىممەتلىك ئاخباراتلارنى تېز كۆرسىتىشكە ئالدىراپ، ئاۋارە بولۇۋاتقان ھالىتىگە قاراپ كۈلۈشتى. چىڭ سىقىپ تۇرغان قوللىرىنى ئاپتومات تەپكىلىرىدىن بوشىتىشتى. دەل شۇ دەقىقە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ھېلىقى قاچقۇن قوينىدىن كۈشۈلداپ، ئاقۇچ ئىس چىقىرىپ تۇرغان قارامتۇل نەرسىنى چاقماق تېزلىكىدە سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش بىلەن بىرگە ئاپتوماتنىڭ قىسقا تاتاتلىشى ۋە ئالدىدىكى جەڭچىنىڭ «لەنىتى ئەبلەخ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بوش ئاڭلاندى. پارتلاش زەربىسى ئۈچ جەڭچىنى تەڭلا ئارقىغا موللاق ئاتقۇزۇپ تاشلىغانىدى.

ئېلىدىن كېيىن قاچقۇنلاردىن بىرى پاتقاقلىقتىن تەسلىكتە ئۆمىلەپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن كۆز

يۈگۈرتكەندىن كېيىن، مەست ئادەمدەك ئارقىغا بۇرۇلۇپ، گومىنداڭ گازارمىسى تەرەپكە ماڭدى ۋە بىردىنلا جان - جەھلى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. لېكىن، شۇدەم ئارقىسىدىن ئاپتومات دەھشەتلىك تاتاتلاپ، ئوق يامغۇرى باش ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ياۋايىلارچە غەزەپلىك گۈركىرەك سادا ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

— توختا! ھۇ، توڭگۇزنىڭ كۈچۈكى.

قورقۇنچتىن ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى ئۆلۈكتەك مۇزلاپ ئورنىدىلا توختىدى. لاغىلداپ تىترىگەن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق ھەم ئەلەم بىلەن ئاستا ئارقىغا بۇرۇلدى.

يۈز - كۆزلىرى قارىداپ قانغا مىلەنگەن، كىيىملىرى كۆيۈپ جۇل - جۇل بولۇپ تىتىلغان جەڭچى ئاپتوماتنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ يالاڭباش ھالدا ئالچاڭلاپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. جەڭچىنىڭ ئاغزى غەزەپتىن قىيسىيىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى قاچقۇننى ھازىرلا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك دەھشەتلىك چاقنايتتى.

— ۋىجدانسىز مەلئۇن! پەسكەش مۇناپىق! مەن سېنىڭ مېڭەڭنى چۇۋۇۋېتىمەن، ئۆلۈكۈڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن. ھۇ، ئىپلاس... ئىبلىس... نىجىس خائىن!

جەڭچى يارىلانغان قاپلاندەك، ئۆزىگە يات خىرقىراق ئاۋازدا غەزەپتىن بوغۇلۇپ ھۆركىرەيتتى، ئاپتوماتنى ئەسەبىيلەشكەن ھالدا جان - جەھلى بىلەن سىقىمداپ، ئۆزىنى يوقىتىپ، تۈگۈلۈپ قالغان قاچقۇننىڭ ئالدىغا مۇدۇرۇپ - دەلدەڭشىپ كەلمەكتە ئىدى.

قاچقۇن شۇ مىنۇتتا دۇنيادىكى ھەرقانداق قۇدرەت ئىگىسىنىڭمۇ ئۆزىنى ئاشۇ دەھشەتلىك قىسمەتتىن — جەڭچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدى. ئاشۇ قورقۇنچ ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنى ئېزىپ، ئەجەلگە — شۇئانلا ئۆلۈپ تۈگىشىپ، دەھشەتلىك ۋەھىمە ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا تەقەززا قىلدى. لېكىن، ھەربىر دەقىقە گويا بىر ئەسىردەك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۆز ئەجىلىنى كۈتۈپ تۇرغان قاچقۇننىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىردىنلا چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ چاقناپ كەتتى. ھەيرانلىقتىن ئاغزى كامارەدەك ئېچىلىپ قالدى. شۇ دەمدە قاچقۇنغا پۈتكۈل غەزەپ - نەپرىتىنى ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقان ياربدار جەڭچىمۇ ئورنىدا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. گوياكى ئۇنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

ئىۈلار خېلىغىچە تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئېچىنىشلىق ھالەتتە بىر - بىرىگە تىكىلىپ قېتىپ قېلىشتى.

ئاخىر قاچقۇن مۇرىلىرىنى تىترىتىپ يىغلاپ تاشلىدى:

— بالام... جېنىم ئوغلۇم، بۇ سەنمىدىڭ؟! ئاھ، پەرۋەردىگارىم...

ياربدار جەڭچى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاھ! قىسمەت، ئالدىمدىكى ئاشۇ نەپرەتلىك قاچقۇن — مېنىڭ دادامىدۇ!؟ جان - جىگەر سەپداشلىرىمنىڭ — خەلقنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن قان كېچىپ، كۆرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ قېنىنى تۆككەن، ئەزىز تەنلىرىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغان قانخور دۈشمەن — مېنىڭ دادامىدۇ!؟ ئەينى چاغدا بىردىنبىر يېتىم ئوغلىنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇقەددەس جايىنىڭ — مەسچىتنىڭ زاكات ئاشلىقىنى ئوغرىلىغان ۋە شۇ جىنايىتى ئۈچۈن بىر قولىنىڭ بارماقلىرى كېسىپ تاشلانغان مېنىڭ دادامىدۇ!؟

جەڭچىنىڭ قورالى قولىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار مەڭزىدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭنى... يائاللا... سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېپقالغانسەن ئوغلۇم؟ قانداقلارچە... جېنىم بالام...!؟ — قاچقۇن ھەسرەتلىك يىغىدىن بوغۇلۇپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەيتتى.

ياربدار جەڭچى — قاچقۇننىڭ ئوغلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاڭقىرالىدى:

— مەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادىمىمنىڭ ئۆز ئوغلۇم ئىكەنلى-

كىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، يالغۇز بالامنىڭ، جىگىرىم، يۈرەك پا-
رەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قاپتىمەن... مەن سېنىڭ قېنىڭ-
نى تۆكتۈم... ئۆز قولۇم بىلەن بالامنىڭ قېنىنى ئاققۇزدۇم. ئاناڭ-
دىن يېتىم قالغاندىن بېرى مۇشۇ يېشىڭغىچە بىر تامچە يېشىڭنىمۇ
ئاققۇزمىغانىدىم. مانا... مانا ئەمدى قېنىڭنى ئاققۇزدۇم... مەن كە-
چۈرگۈسىز گۇناھقا پاتتىم، مەن قاتىل! ... ئاھ خۇدا، مېنى نېمە
قىلىپ قويدۇڭ؟ ! ...

قاچقۇن ئورنىغا يىقىلىپ، قوللىرى بىلەن يەرگە تىرەجەپ مۆك-
چىيىپ، ئېچىنىشلىق ھۆركىرەپ يىغلايتتى. بارماقلىرى بىلەن قارا
پاتقاقنى مىجىقلايتتى. ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەملا نېرىدا جەڭچى
دەرمانسىز قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىپ، دەھشەتلىك رو-
ھىي زەربىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تاشتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ
قالغانىدى.

ئاپئاق نۇرلىنىپ گۈزەل تۈس ئالغان سازلىقتا، بىرنەچچە كۈن-
لۈك شىددەتلىك جەڭ زەربىسىدىن قومۇشلىرى قىرىلىپ يىقىلغان
بوشلۇقتا ئاتا - بالا ئىككىسى ئاي نۇرىغا چۈمۈلۈپ، بىر - بىرىگە
روبىرو ھالدا خېلىغىچە بوغۇق، ھەسرەتلىك يىغلىشىپ ئولتۇرۇش-
تى. ئەگەر يۈرەكنى ئېزىدىغان ئاشۇ ئېچىنىشلىق ھالەت يەنە بىرنەچ-
چە سېكۇنت داۋام قىلغان بولسا ئىدى، قانسىرىغان جەڭچىمۇ، قاچ-
قۇنمۇ ئېغىر روھىي ئازابتىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلغان بولاتتى.
لېكىن، شۇدەم ھەربىي گازارما تەرەپتىن جەڭچىلەرنىڭ ئېغىر ئۆتۈك-
لىرى بىلەن قومۇشلارنى دەسسەپ - چەيلەپ شىددەت بىلەن يۈگۈرۈ-
شۈپ كېلىۋاتقان تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.

قاچقۇن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. قورقۇنچتىن چىرايى ئاقى-
رىپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار كۆزلىرىدە شۇ پېتى قېتىپ
قالدى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئېچىنىشلىق ھالدا
بىچارىلەرچە ئالدىغا ئۈمتۈلۈپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى جەڭچىگە
سەۋدايىلاردەك سوزدى.

— مېنى كەچۈرگىن ئوغلۇم! خۇدا ھەققىدە، داداڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن، ھېلىمۇ ئېغىر يارىلانماپسەن، خۇداغا شۈكرى. ئەگەر سەنمۇ ئۇلاردەك ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايتتىم — ئازابتىن ئۆلگەن بولاتتىم! شەيتان سېنى ئازدۇرۇپتۇ ئوغلۇم، ئۇلار سېنى ئازدۇرۇپ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. بىز بۇ يەردىن ھازىرلا كېتەيلى، يىراق يەرلەرگە كېتىپ كۆڭلىمىزنى ئالايلى. ئەگەر سەن خالىساڭ… خالىساڭ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى. ئۇلار مەرد، سېخىي ئادەملەر…

جەڭچى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپلىنىك، ئۆتكۈر نۇر يالت قىلىپ چاقنىدى.

— چاپسان بول ئوغلۇم، ئادەملىرىڭ يېقىنلاپ قالدى… ھە راست، سەن ياردار ئەمەسمۇ؟ مەن سېنى يۈدۈپ …— قاچقۇن ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا، جەڭچى ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بوغۇق ۋارقىرىدى:

— توختا! … ھېچ يەرگە قاچالمايسەن، سەن… سەن جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن!

قاچقۇن چۆچۈپ ئورنىدا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، قوللىرىنى جەڭچىگە سوزۇپ يېلىندى:

— ياق ئوغلۇم، مەن بۇ يەردە قالالمايمەن. ئۇلار مېنى ئىتنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، قالالمايمەن. ئەمىسە، سەن بۇ يەردە قېلىپ ياراڭنى داۋالاتقىن، ياخشىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەل. ئۆتۈنۈپ قالاي ئوغلۇم، چوقۇم قايتىپ كەل!

قاچقۇن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا دۈشمەن گازارمىسى تەرەپكە جان - جەھلى بىلەن قاچتى. جەڭچى ئەلەمدىن بوغۇلۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يالۋۇرۇپ توۋلىدى:

— توختا، دادا! … قاچما…

لېكىن، قاچقۇن ئارقىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— مەن سېنى ساقلايمەن! خۇداغا ئامانەت، بۇ يەردە ھەرگىز

قالغۇچى... بول...

جەڭچى قورالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارا گەۋدىنى نىشانغا ئالدى. ھوشىنى يوقىتىشتىن بۇرۇن ئاخىرقى كۈچىنى بارماقلىرىغا يىغىپ، تەپكىنى بېسىۋەتتى. ئاپتومات ئۈنىڭ قولىدا دىرىلدەپ - سەكرەپ توختىدى. ئۇ يىراقتا، ئوقلارنىڭ كۆكۈچ، ئاچچىق تۈتۈنلىرى ئارقىسىدا قولىنى ئىككى يانغا يېيىپ، ئاستا يىقىلىۋاتقان گەۋدىنى غۇۋا كۆردى.

جەڭچى يىقىلىپ چۈشۈۋېتىپ ئاستا، ئېچىنىشلىق پىچىرلىدى:

— قاچما دادا، قاچما!...

* * *

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مۇشۇ قوللىرىم بىلەن ئۆز دادامنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم.

ئۇ ئورۇق، ياغاچتەك قېتىشقان، چوڭ، قارامتۇل تومۇرلۇق قوللىرىنى يۈزىگە يېقىن ئەكەلدى. كۆزلىرىدە سەۋدايىلارغا خاس نۇر چاقناپ، پۈتكۈل بەدىنى دەھشەتلىك تەرىزدە لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا مەن ئاپتوماتنى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئەمەس، دەل سول تاغىقىغا — يۈرىكىگە توغرىلىدىم. مانا، مانا مۇشۇنداق... نېمىشقا، نېمىشقا شۇنداق قىلدىم؟... چۈنكى مەن، شۇ دەقىقىدە خائىن دادىنىڭ بالىسى ئەمەس، سەپداشلىرىمنىڭ قىساسكارى ئىدىم. سەپداشلىرىمنىڭ يۈزلىرىگە، بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن قان - گۆشلىرى مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن دادامنى ئۆلتۈردۈم. مەن ئانامدىن گۆدەك چېغىمدىلا ئايرىلىپ قالغان، دادام مېنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلغانىدى. تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن موھتاجلىقتا ئۆتەتتى، دادام مەن ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇقلارغا چىداپ، جان تىكىپ ئىشلىگەنىدى. دادام تەقۋادار مۇ-

سۇلمان ئىدى، ئۇ يەنىلا مەن ئۈچۈن — يالغۇز ئوغلىنىڭ ئاچ
قالماسلىقى ئۈچۈن مۇقەددەس مەسچىتكە ئوغرىلىققا چۈشتى. سازايى
قىلىنىپ، بىر قولىنىڭ بارماقلىرى قىڭراق بىلەن چاناپ تاشلاندى.
مەن ئەنە شۇنداق ئادەمنى، كۆيۈمچان بىر دادىنى ئۆلتۈردۈم.
دادامنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان بارماقسىز قوللىرىنى باغلاپ گو-
مىنداڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ ماڭغاندا، مەن دادامنىڭ قىساسىنى ئېلىش
ئۈچۈن ئارمىيىگە قاتناشقان، ھاياتىمنى مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشقا
ئاتىۋەتكەنىدىم. لېكىن، دادام مېنىڭ قولۇمدا ئۆلدى. كاشكى،
مىڭلىغان گۇناھسىزلارنى يۇتۇپ كەتكەن، قانخورلارنىڭ زىندانى ئۇ-
نىمۇ يۇتۇپ كەتسە، تۇمەنلىگەن قەھرىمانلار قاتارىدا ئۇمۇ گومىنداڭ
جاللاتلىرى قولىدا ئۆلگەن بولسا!
ئۇ خىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان قەبرىگە مەيدىسىنى يېقىپ يۈرەك-
باغرى ئېزىلگۈدەك ئېچىنىشلىق بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.
خېلى ئۇزاقتىن كېيىن دەرمانسىزلىنىپ، قەبرىنى قۇچاقلىغان پېتى
ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ دېدى:
— ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن دادامنىڭ قەبرىسىدىن ئۇنىڭ
سۆڭەكىنى قېزىۋېلىپ، ھويلامغا ئەكىرىۋالدىم. مەن گۇناھىمنى
تىلەۋاتىمەن. 40 يىلدىن بېرى دادامنىڭ روھىنىڭ مەندىن قىساس
ئېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن.
شۇ چاغ ھېلىقى يەردىن — گۆرىستان قاراڭغۇلۇقلىرى تىقىلغان
جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن ھويلىنى ۋەھىمىگە تولدۇرۇپ ھۇۋقۇش
ھۇۋلىدى.
ھۇ…ۋ… ۋ… ۋ.
— گۇناھىمنى تىلەيمەن!

1992- يىل 1- ئاي

# پەرىشتە قونغان ماكان

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىمىغان بولسا، تەھقىقكى، شەرىف ھاجىم ئاللانىڭ بەندىلىرى ئارىسىغا چۈشۈرگەن پەيغەمبىرى ھېسابلىناتتى.

بۇ مەھەللىدىكىلەر، بەلكى شەھەردىكى ھەممە مۇسۇلمانلار شەرىف ھاجىمغا ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ئىخلاس قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ شەرىف ھاجىمنىڭ ئۆمرىنى يەككە - يېگانە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭدا ئادەملەردە كەمدىن-كەم تېپىلىدىغان — پەيغەمبەرلەرگە خاس ئالىيجاناب، ئۇلۇغ خىسلەت بار ئىدى.

بۇرۇندا شەرىف ھاجىمنىڭ ئاتىسى مۇشۇ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشقان، شەھەرگە تونۇلغان كاتتا سودىگەر ئىدى. ئۇ يالغۇز ئوغلىنى -- ياش شەرىف ھاجىمنى ئېلىپ مەغرىبتىكى يىراق مەملىكەتلەرگە سودىغا كەتكىنىچە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇلار شەھەر خەلقىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە شەرىف ھاجىم ئۆزىگە ئىسسىق، مۇبارەك جاينىڭ پۇرىقىنى سىڭدۈرۈپ، تەنھا قايتىپ كەلدى. ئۇ پۇتلىرى ئۇزۇن، سىرلىق كۆزلىرى تەننى شۈركەندۈرىدىغان ئەرەب تۆگىسىگە مىنىپ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇبارەكلىدى. كۆز، ساقال - بۇرۇت ۋە ئەتلىرىگىچە قارىداپ، پارقىراپ ساپ ئەرەب تۇسى ئالغان شەرىف

ھاجىمدىن پۈتۈنلەي ياتسىراپ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك ئۆز مەيلىچە يېقىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالمىدى، ھەتتا بۇرۇنقى سىرداش دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ پەقەت يىراقتىنلا قول باغلاپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، شەرىپ ھاجىم بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان، پۈتۈنلەي يات ئادەم بولۇپ قالغانىدى.

شەرىپ ھاجىم كېلىپ ئەتىسىلا شەھەردىكى ئەڭ ئۇستا مېمارلارنى تاپتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىلدىن بېرى تاشلىنىپ خارابلاشقان قورۇ - جايلىرىنى چاقتۇردى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا مەھەللىدە پۈتۈن كاھىش بىلەن قوپۇرۇلغان ناھايىتى كۆركەم، چاققانغىنە بىر مەسچىت قەد كۆتۈردى. شەرىپ ھاجىم شۇندىلا مەھەللىدىكى ھەممە ئەر - ئاياللارنى مەسچىتكە يىغدى. قەبرىسى مۇبارەك كەئبە تۇپرىقىدا قالغان ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇلۇغ جاينىڭ تەۋەررۇكى بولغان تۆگىسىنى قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بەردى. ئۆز بىساتى ئۈچۈن پەقەت مەسچىت قورۇسى ئىچىگە سېلىنغان كىچىك بىر ئېغىز ئۆي، بىر پارچە بورا ۋە بىر جاينامازلا قالدۇرۇپ پۈتۈن بايلىقىنى — چوڭ تېرە قاپچۇقىدا ئېشىپ قالغان نۇرغۇن ئالتۇن دىنارلارنى مەھەللىدىكى نامرات ۋە ھاللىقلارغا ئۆز لايىقىدا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ شەھەرنىڭ پۈتكۈل يامانلىقلىرى، قان - يېرىڭلىرى جۇغلانغان بۇ مەھەللە شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىكى، ئۇزاققا بارمايلا پۈتۈن شەھەردىكىلەر مۇشۇ كىچىككىنە نەپرەتلىك ماكاننى — «پانىي دۇنيادىكى جەننەت» دەپ ئاتايدىغان بولدى. چۈنكى، بۇ يەردە بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان باي - نامراتلىق پەرقى قالمىغانىدى.

قەلبىدە ھەقىقىي ئېتىقاد ئويغانغان ئادەملەر ئۈچۈن ھەرقانچە كۆپ مال - دۇنيامۇ كېرەكسىز نەرسە ئىكەن. شەرىپ ھاجىم ئۇلاردا ئەنە شۇنداق ئېتىقاد — خۇداغا، دىنغا، ئاخىرەتكە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد ئويغاتقانىدى.

ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىر- قى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىمىغان بولسا، تەھقىقكى، ئۇلار شەرىپ ھاجىمنى ئاللانىڭ بەندىلىرى ئارىسىغا چۈشۈرگەن پەيغەمبىرى ھېسابلايتتى.

چۈنكى، شەرىپ ھاجىم ئۇلارغا قۇياشلىق دۇنيانىڭ ھەقىقىي سىر - ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن — بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان تۆت كۈنلۈك سىناق ئالىمىنىڭ ئازدۇرغۇچى غەپلىتىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلاتتى، يەر تېرىيتتى، ھۈنەر- ئوقەت قىلاتتى، پەقەت شۇ كۈنلۈك غىزالىنىشقا يەتكۇدەكلا نەرسە غەملەپ، قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت، توۋا - ئىستىغپار بىلەن مەش- غۇل بولاتتى.

شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ چىن ئېتىقادىدىن، ئىخلاسمەنلىكىدىن تەسىرلىنەتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋې- لىشنى، شەرىپ ھاجىم سالغان مەسچىتتە بىرەر ۋاخ جۈمە نامىزى ئوقۇۋېلىشنى چوڭ ساۋابلىق ئىش ھېسابلايتتى. شەھەرنىڭ باي - مۆتىۋەرلىرىدىن تا نامرات - كەمبەغەللىرىگىچە ئۆز قىزلىرىنىڭ شۇ مەھەللىدىكى بىرەرسىگە ياتلىق بولۇپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەقى- قىي ئىسلامىيەت قوينىدا ئۆسۈپ تەربىيىلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىنى خۇدادىن تىلەيتتى.

ناۋادا ھېلىقى ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلار بارا - بارا ئاۋۇغان، پانىي دۇنيادىكى بىردىنبىر پاك زېمىنىنىڭ دائىرىسى تېخى- مۇ كېڭەيگەن، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن شەھەر — يورۇق ئالەمدىكى جەننەتكە ئايلانغانمۇ بولاتتى.

تۇن يېرىملاشقان، لېكىن ئۇلار سەزمەيتتى. ھەممە ۋۇجۇد - ئىخلاسى بىلەن شەرىپ ھاجىمنىڭ ۋەز - نەسىھىتىگە بېرىلىپ كەتكە- نىدى. شەرىپ ھاجىمنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى — قۇرئان تەپسىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئېرىتەتتى. ئۇلار شەرىپ ھاجىم ھەربىر قەلبلەر-

ده ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك بەختىيار ئالەمنىڭ ئارمان - لەززىتىنى سۈرەتتى. بىردىنلا مەسچىتنىڭ قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلدى. ئۇلار چۆچۈپ ئۇپۇل- توپۇل ئارقىلىرىغا بۇرۇلۇشتى. بوسۇغىدا جەدىتچە شىم - كاستۇم كىيگەن، يالاڭباش ناتونۇش ئادەم قارامتۇل تاپانچىسىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئېغىر ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سول مۈرىسىدىن ئاققان قانلار ئاپئاق كۆڭلىكىنى بوياپ، ھالسىز ساڭگىلاپ سوزۇلغان قولى-نىڭ بارماقلىرىدىن يەرگە تامچىلايتتى. مۈردىدەك تاتىرىپ قورقۇنچ-لۇق تۈس ئالغان چىرايىدىن ئېغىر دەرد - ئازاب ۋە چەكسىز غەزەپ-نەپرەت يالقۇنلايتتى.

— بىز پاش بولۇپ قالدۇق، قېرىنداشلار… ئىپلاس خائىن بىزنى ساتتى! قانخور مۇستەبىتلەر نۇرغۇن ئىنقىلابچىلىرىمىزنى ئېتىپ ئۆل-تۈردى، تۇتۇپ كەتتى. پەقەت مەن… مەنلا قۇتۇلۇپ چىقالىدىم، ئۇلار ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر مەن تىرىكلا قالسام… يوشۇرۇپ قويۇڭلار!

ناتونۇش كىشى شۇ سۆزنى دېدى - دە، يىقىلدى.

شەرىف ھاجىمدىن باشقا ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇ-شۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇنىڭ تىنىقى ناھايىتى سۇس بولسى-مۇ، تېخى جان ئۈزمىگەنىدى. ئۇلار ئۇنى ئاۋايلاپ يۆلەپ شەرىف ھاجىمنىڭ ئەمرىنى كۈتتى. شەرىف ھاجىم مېھراب ئىچىدە بېشىنى خېلى ئۇزاق چۆكۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھوشسىزلىنىپ ياتقان ناتونۇش كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋەزمىن ئاۋازدا ئېيتتى:

— يارىسىنى تېڭىپ، قازناققا ئورۇن راسلاپ بېرىڭلار، قانسى-راپ كەتمىسۇن. مەزىن جانابلىرى، ئۆيىڭىزدىن قۇۋۋەتلىكرەك غىزا تەييارلاپ ئەكېلىڭ، كېچە ئۇنىڭغا مەن ھەمراھ بولىمەن.

ئۇلارنىڭ ئەندىشىلىك چىرايلىرىدا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى يامرى-دى. قېرى مەزىن خۇشاللىقىدىن ھودۇقۇپ، پايپاسلاپ ئۆيىگە مې-ڭىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەر مەھەللىدىكى ھەممەيلەن بامدات نامىزىنى تۈگە-تىپ مەسچىت ھويلىسىغا چىقىپلا داڭقېتىپ قالدى.

مەسچىتنىڭ ئەتراپى ۋە ھويلا ئىچى گومىنداڭنىڭ قارا كىيىم-لىك قوراللىق ساقچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ساقچى باشلىقى مەسچىتنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ پۈتلىرىنى كەرگىنىچە تىك تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا مەسچىت ئىچىدىن شەرىف ھاجىم چىقىپ ساقچى باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— بىز كەلدۇق ھاجىم.

شەرىف ھاجىم يانچۇقىدىن قازناقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ساقچى باشلىقى ئاچقۇچنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا بۇيرۇق كۈ-تۈپ تۇرغان ساقچىلارغا بېرىپ، جاۋغايلىرىغا گۇمان - ئىستىھزالىق سۈس كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا بېشى بىلەن مەسچىت ئىچىنى شەرەتلە-دى. ھەش - پەش دېگۈچە ساقچىلار چەمبەرچاس باغلانغان ھېلىقى ئىنقىلابچىنى ئېلىپ چىقتى. گەرچە ئۇ كۆپ قانسىراش ۋە يارا ئازابىدىن ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، قان سىرغىپ تۇر-غان كۆكسىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن ئۆزى مېڭىپ چىقتى. ئۇ مەسچىت ھويلىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇرغانلارغا سەپسېلىپلا ئورنىدا توختاپ قالدى. ئۇلار ھەممىسى گۇ-ناھكارانە، ۋەھىمە تولغان كۆزلىرىنى ئىنقىلابچىدىن ئېلىپ قېچىشقا تىرىشاتتى. ئىنقىلابچى بىردىنلا قورقۇنچلۇق بىر رېئاللىقنى سەزگەن-دەك بولدى. شۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاچچىق ئەلەمدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىككى مۈرد-سى چوقچىيىپ چىقىپ ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىزلىرى تىترەپ پۈكۈلۈشكە باشلىدى. گوياكى ئۇ ئۆزىنى قورشاپ ئالغان دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا بارغانچە ئاجىزلاپ، كىچىكلەپ يەر ئاستىغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

پانىي دۇنيادىكى جەننەت مەھەللىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ، يەنە بىر

قېتىملىق ساتقۇنلۇقتىن قولىرى باغلانغان ئىنقىلابچىمۇ باشلىرىنى چۆكۈرۈپ ئۇزاققىچە جىمجىت تۇرۇشتى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەھكۇم خەلقنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ساقچى باشلىقىمۇ شۇ ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

خېلىدىن كېيىن ئىنقىلابچى بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈردى. پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدە بېشىنى چۆكۈرۈشۈپ، تۆكۈلۈپ تۇرۇشقان ئادەملەرگە قاراپ ھالسىز، غەزەپ ھەم يىرگىنچ بىلەن ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— ئاپىرىن قېرىنداشلىرىم، سىلەرگە ئاپىرىن!

ئىنقىلابچى جاۋغىيىدا نەپرەتلىك كۈلكىنى ساقلىغان پېتى ساقچىلارنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن مەسچىت ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ساقچى باشلىقى تېخىچە قوللىرىنى سېلىپ، بېشىنى چۆكۈرگىنىچە تۇرۇشقان ئادەملەرگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— سىلەر ئۆز مەھەللەڭلارنىڭ پاك نامىغا، ئۆز دىيانىتىڭلارغا مۇناسىپ ئىش قىلدىڭلار. بۇ ئادەم ھاكىمىيىتىمىزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا يامان ئادەملەرنى توپلاپ بىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان. بەختىمىزگە يارىشا سىلەردەك ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ زەھەرلىك سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلدۇق. ھەممە ئادەملىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتتۇق. شۇنداقتىمۇ ئۇلار نۇرغۇن ساقچىلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. سىلەر مانا مۇشۇنداق قەبىھ، زور توپىنىڭ باشلامچىسىنى بىزگە ئۆز قولۇڭلار بىلەن تۇتۇپ بەردىڭلار. سىلەردىن بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خۇدايىڭلارمۇ چەكسىز رازى بولىدۇ. شەرىپ ھاجىم، مەن سىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمىتىڭىزگە ھۆكۈمىتىمىزگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىمەن!

ساقچى باشلىقى ھۆرمەتتە تۇرۇپ شەرىپ ھاجىمغا چاس بەردى.

— ئادەملىرىڭنى ئېلىپ بۇ پاك جايدىن چاپسان چىقىپ كەت. مەن بۇ ئىشنى ھاكىمىيىتىڭ ئۈچۈن ئەمەس، ياراتقۇچىنىڭ ئەمرى كالامى بىلەن قىلدىم.

شەرىپ ھاجىم سەسكەنگەندەك ساقچى باشلىقىدىن يۈزىنى ئۆرۈ-ۋالدى. ساقچى باشلىقىنىڭ غەزەپتىن ئىككى چېكىسى ۋىللىدە قىزارديۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەسچىت ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى.

شەرىپ ھاجىم گۇناھكارلارچە ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇرۇشقان ئادەملەرگە قاراپ قايىقى تۇرۇلدى:

— كېچىدە ساقچىلارغا مەن خەۋەر قىلغان. ئاللا بەندىلىرىگە مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن - بولمىسۇن، ئۆز پادىشاھلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغان. كۆزۈڭنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا پانىي بولىدىغان سىناق ئالىمىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەس، ئازغان كۇپارلارنىڭ ئىشى. بۇ دۇنيانى خۇدا گۇمراھلارغا ئاتاپ ياراتقان. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي دۇنياسى، ۋەتىنى پەقەت ئاللانىڭ ماكانى — ئاخىرەتتە. بىز پەقەت شۇ يەردىلا ئۆز ئورنىمىزنى تاپىمىز. بىز ئەنە شۇ مۇقەددەس ماكانغا قايتىش ئۈچۈن مۇشۇ ئېزىتقۇ دۇنياغا ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىقلا پالانغان ئادەم ئاتىمىزدىن قالغان گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ياراتقۇچىغا سېغىنىشىمىز، مەغپىرەت قىلىشىمىز، تائەت - ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئەجەبا، سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىكى ھاكىمىيەت مەسچىتىڭلارنى بۇزۇپ - چاقتىمۇ؟ دىنىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشكە زورلىدىمۇ؟ تەتۈرىسى-چە سىلەرگە ھەرقاچان ئاللاغا تائەت - ئىبادەت قىلىشقا، تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. دىنىي ئېتىقادىڭلارغا ھۆرمەت قىلدى. پانىي دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا سىلەر يەنە نېمىگە موھتاج؟ سىلەرگە يەنە نېمە كېرەك! ؟— شەرىپ ھاجىم ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاتىلارچە سىلىق

ئاۋازدا دېدى:

— خۇدا سىلەرنى گۇمراھلاردىن نېرى قىلغاي! ئەمدى ئۆز ئىشىڭلارغا بېرىڭلار.

لېكىن، ھېچكىممۇ مىدىر - سىدىر قىلمىدى. 10 نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆز ئەمرى رەت قىلىنغان شەرىپ ھاجىمنىڭ ئاچچىقتىن قارامتۇل چىرايى بوزۇلۇپ، مەسچىت ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇقەددەس جاي — شەرقتىن قۇياش قانلىق كۆز يېشىغا بويىلىپ كۆتۈرۈلۈپ، مەسچىت ئىچىگە قان رەڭگىدىكى قىزغۇچ نۇرىنى سەپتى. ئۇلار يەنىلا قاتۇرۇلغان مۇردىلاردەك مەسچىت پەلەمپىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە روبىرو سەپ بولغان پېتى باشلىرىنى مۇرىلىرى ئارىسىغا تىقىپ ھەرىكەتسىز قېتىپ تۇرۇشاتتى.

قۇياش ئاقىرىپ نەيزە بويى ئۆرلىدى، ئاندىن بارا - بارا تىكلىشىپ پۇتكۇل دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىپ، قىساس ئالماقچى بولغاندەك ھەممىنى ئاتەش تەپتى بىلەن ئۆرتەشكە باشلىدى. شۇندىلا مەسچىت ھويلىسىدىكى ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ خۇددى ئەرۋاھلاردەك ئۈن - تىنسىز تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە مەسچىت ھويلىسىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلدى. ئوت ناھايىتى تېزلا مەسچىتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يامراپ گۇرۇلدەپ شىددەت بىلەن كۆيۈشكە باشلىدى. شەرىپ ھاجىم ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. مەھەللىدىكىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، توۋلىدى، نالە قىلدى. لېكىن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىشكە چىقمىدى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ شەرىپ ھاجىم ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. ئۇ مەسچىت بىلەن بىللە كۆيۈپ ئۆلدىمۇ ياكى باشقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىمۇ، ھېچكىم بىلمەيتتى ھەم ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلمايتتى.

شۇنىڭدىن بېرى نۇرغۇن زامانلار ئۆتتى. بۇ مەھەللىگە قايتا

مەسچىت سېلىنمىدى. كۆيگەن مەسچىت غېرىبانە خارابىگە ئايلىنىپ تۇرۇۋەردى. لېكىن، تاھازىرغىچە ئاشۇ خارابىدىن — مەسچىتنىڭ كۆيۈپ قارايغان ھەربىر تال ياغاچلىرىدىن، قىزغۇچ توپىلىرىدىن، قىيسايغان ۋەيرانە تاملىرىدىن گومىنداڭچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئىنقىلابچىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئەكس سادا بولۇپ ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئاپىرىن قېرىنداشلىرىم، سىلەرگە ئاپىرىن!

قۇياش ھەر قېتىم كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا گۇناھقا پاتقان پانىي دۇنيانى قايتا يورۇتماسلىق ئۈچۈن خۇداغا يېلىنىپ، كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزۇپ يىغلارمىش.

1992- يىل 1- ئاي



# ئەركىنلىكتە ئۆلۈش

كۆچمەن خەلق جايلاشقان تاغلىقلارنىڭ بىرىدە، دەھشەتلىك بىر يىرتقۇچ هايۋان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مەخلۇق باتۇر، ئوۋ خۇمار تاغلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى...

ئۇ، كېچىسى تاغدىن چۈشۈپ ئادەملەرگە تۇيدۇرماي بىھېساب چارۋىلارنى كۈچلۈك ئالىقانلىرى بىلەن يانجىپ، بوغۇپ هالاك قىلاتتى. كۈندۈزلىرى بولسا ئۆزىگە ئىنس ـ جىننى يېقىن يولاتمايتتى. نەتىجىدە تاغلىقلاردىكى ئەڭ قەيسەر ئوۋچىلارنىڭ باتۇرانە ھەرىكەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ هالاكىتى بىلەن ئاياغلاشتى... مانا، تاغلىقلارنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ئاخىر كىشىلەر ۋەھشىي هايۋاننى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. جان تەندە ئامان بولسا، مال ـ دۇنيا هامان تېپىلىدۇ، دېيىشتى.

بىر كۈنى يۇرت بېگىنىڭ ياشانغان قۇلى بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى:

— ماڭا ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە بەرگىن، مەن ئۇ يىرتقۇچنى يوقىتالايمەن، — دېدى.

بەگنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستىدا بىر ئۆمۈر ئۆمىلەپ ياشىغان قېرى قۇلىغا گويا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزاق سەپسېلىپ قارىدى.

— پاھ! ... هوشۇڭنى يىغ چال، — دېدى بەگ گۇمان بىلەن ئۆز قۇلىنىڭ باش ئۈستىدىن قاراپ.

— ماڭا ئەركىنلىك بېرىشكە ۋەدە بەرگىن…
— يىرتقۇچ هايۋاننى 12 تاغنىڭ ئەڭ ماھىر ئوۋچىلىرىنىڭمۇ يوقىتالمىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟
— بىلىمەن.
— ئۇنىڭ قانچىلىك ئادەمنى نابۇت قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟
— بىلىمەن.
— ئەمدى ئويلان، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟
— …
— … ھىم، يىرتقۇچ سېنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايدۇ.
قېرى قول بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگكە ئۆتۈنۈش بىلەن تىكىلدى.
— شۇنداق بولغاندا مېنى ھۆر ئادەملەر قاتارىدا دەپنە قىلغىن.
بەگ ھېچبىر كارغا كەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغان قېرى قۇلنىڭ تەرسالىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي غەزەپلەندى.
— خوپ، مەن سېنىڭ قېرى تېنىڭگە ئەركىنلىك بەرگەنمۇ بولاي. سەن مۇشۇ قۇربەتسىز ھالىڭ بىلەن جېنىڭنى جان ئېتەلەمسەن؟ ئەركىنلىكىڭنى ئاش - نان قىلىپ يېيەلەمسەن؟ سەن ئەركىنلىكنى نېمە قىلىسەن؟
ئۇ ئۈندىمىدى. ئورنىدىن قىمىرلىماي جاۋاب كۈتتى.
— قېنى ماڭا ئېيتىپ باققىن. سەن ۋەھشىي ھايۋاننى قانداق يوقاتماقچى، كۈچ - قۇۋۋىتىڭگىمۇ؟ ياكى ھىيلە - مىكرىڭگە تايىنىپمۇ؟
— …
— ۋەياكى ئاشۇ ئاجىز قولۇڭ بىلەن مۇشتلاپ ئۆلتۈرەمسەن؟
— …
— سەن يەر يۈزىدىكى قانداقتۇر ئۆلۈغ ئادەممۇ؟ كۆكتىكى ئۆلمەس پالۋانلارنىڭ روھىناتىمۇ ۋەياكى كارامەتچى سېھىرگەرمۇ سەن! ؟
— ماڭا ۋەدە بەر، بەگ.

بەگ ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ قولىنى سىلكىپ ۋارقىرىدى:
— بار، ئەجىلىڭنىڭ ئالدىغا. تەرسا ئۆچكە... باتۇرلار بېگى. ئەگەر سەن شۇ يىرتقۇچنىڭ مويىدىن بىر تال ئەكېلەلىسەڭ، بەردىم ئەركىنلىكىڭنى!

يۇرت بېگى قىرى قۇلىنىڭ ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرىغا، چارەك كەم 100 يىللىق ھاياتىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى ھېسابسىز ئىز قالدۇرغان ئورۇق يۈزلىرىگە ئۆزاققىچە سەپسېلىپ ئاستا ـ ئاستا جىددىي، سىپايە قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ كۈمۈش چاچلىق بېشىدىكى ئەقىل مېنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر، دەپ ئويلىدى.

— ساڭا ۋەدە بېرەي، ئەگەر دېـگـەن سۆزۈڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ ئەركىنلىكىڭگە قوشۇپ بىـر قورۇ مال ھەدىـيـە قىلە-مەن، — دېدى بەگ.

* * *

قىرى قۇل ئېپىنى تېپىپ ۋەھشىي مەخلۇقنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن پەيتىدە ئۇنىڭ ئۆڭكۈرى ئالدىغا بېرىۋالدى. تەييار-لىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈر ئىچىدىن يىرتقۇچنىڭ كۈچۈكىنى تۇتۇپ ئاچىقىپ، بېشىغا كېلىدىغان دەھشەتنى تەمكىنلىك بىلەن كۈ-تۈپ ئولتۇردى...

ھايال ئۆتمەيلا ھېلىقى مەخلۇق ئىسسىق قان تامچىلاپ تۇرغان چوڭ بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ قايتىپ كەلدى. ئۇ بىردىنلا ئۆز ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىدا كۈچۈكىنى قاماللاپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ھەتتا قورققاندەك بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا داجىدى. لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتكۈر شىۋاقلاردەك يايلى ھۈرپە-يىپ تىكلەشتى. چوغدەك كۆزلىرى ۋەھشىيانە چاقناپ ياندى. ئۇ نەيزە ئۇچىدەك يىرتقۇچ چىشلىرىنى پاتۇرۇپ تۇرغان ئوۋ گۆشنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، بەئەينى قىيا تاغدەك بولۇپ ئىككى پۇتلاپ ئۆرە

بولدى ـ دە، قىرى قۇلغا بوراندەك گۇركىرەپ خىرىس قىلدى. شۇ هامان قىرى قۇلمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋەهشىي مەخلۇقتىنمۇ دەهشەتـ ـلىكرەك هۆركىرىدى ۋە قولىدىكى مەخلۇق كۈچۈكىنى بېشىدىن ئېـ ـگىز كۆتۈرۈپ يەرگە زەرب بىلەن ئۇردى. كۈچۈك قۇلاق ـ مېڭىنى يارغۇدەك قىسقا، ئاچچىق كاڭشىپ شۇ هامان ئۆلدى. غەزەپ هەم ئەلەمدىن ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان مەخلۇق غالجىرلىشىپ قىرى قۇلغا جان ـ جەهلى بىلەن ئېتىلدى. قىرى قۇل غەزەپلەنگەن يىرتقۇچنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە جەبدەسلىك بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قويۇق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ جان ئاچچىـ ـقىدا ياڭرىغان ئازابلىق هۆركىرەك سادا پۈتكۈل تاغۇتاشنى تىترىتىـ ـۋەتتى. قاراڭغۇ چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئەجەللىك زەربە — ئۇزۇن، ئۆتكۈر پولات نەيزە غالجىرلاشقان مەخلۇقنىڭ كۆكرىكىگە تاكى گەۋدىسىدىن تېشىپ چىققانغا قەدەر سانجىلغانىدى. يىرتقۇچ ئەجەللىك يارا ئازابىدا ئورنىدا پىرقىراپ دومىلاپ هۆركىرىدى. نەيزە سېپىنى چىشلەپ تىتىۋەتتى ۋە بىردىنلا ئاخىرقى نەپسىنى، كۈچىنى توپلاپ، ئىرماش ـ چىرماش ئۆسۈپ كەتكەن قورغاندەك مۇستەهكەم ياۋا چاتقاللار ئارىسىغا قاملىپ قالغان قىرى قۇلنىڭ ئۈستىگە تاشلاندـ ـدى...

قىرى قۇل مىڭ مۇشەققەتتە ئېسىنى يىغدى، ناهايىتى ئۇزاقتا كۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئاچتى. يەنە شۇنداق ئازاب بىلەن ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەملا نېرىدا قانغا چىلىشىپ، زور قورام تاشتەك دارديىپ ياتقان يىرتقۇچنى كۆردى. ئۇ شۇندىلا خاتىرجەم كۆزىنى يۇمدى. لەۋلىرىدە بەختىيار كۈلكە جىلۋىلەندى ۋە هايال ئۆتمەي شۇ پېتى قېتىپ قالدى.

1992ـ يىل 6ـ ئاي

# قارا سېدە

كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئاجايىپ باراقسان ھېسابسىز شاخلىرىدىكى ئۇششاق، مايلىق يوپۇرماقلار شەپەق نۇرىدىن ئالتۇن تەڭگىلەردەك پارقىراپ، قىزىرىپ كېتەتتى. يىراقتىن قارىغاندا ئۆچۈشكە باشلىغان غايەت زور گۇلخان دۆۋىسىدەك نامايان بولۇپ، قورقماس پېرىخونلارنىمۇ شۈركەندۈرەتتى. گۇگۇمنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ ئاشۇ غايەت زور گۇلخان بارا - بارا ئۆچۈپ، تۇيۇقسىزلا تۇم قارا تۈس ئالاتتى. ھەممىنى ئۆزىنىڭ بەھەيۋەت شاخشۇمبىلىرى بىلەن قاپساپ كۆمۈۋەتمەكچى بولغاندەك گۇگۇم قوينىنى يېرىپ كۆككە قاراپ ئۆزىراتتى، زورىياتتى. ئاياغ ئاستىدا جىمىپ بىچارىلەشكەن زېمىنغا ۋەھشىيلىك بىلەن ھەملە قىلاتتى.

تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى 10 نەچچە دېھقان ئائىلىلىك قەدىم مەھەللىمىز ئۇنىڭغا تېز پۈككەن — ئاشۇ غارايىپ، قورقۇنچلۇق دەرەخنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان — قارا سېدە مەھەللىسى قەدىم جايىمىزنىڭ قايسى زاماندىن باشلاپ شۇنداق شۇم نام بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. 108 ياشلىق زىكرى بوۋايمۇ ئەقلىنى تاپسا شۇ نام بار ئىكەن. سېدە دەرىخىمۇ ئەينى ھازىرقى ھالىتىدە — قۇچاق يەتمەس چوڭلۇقتا ئىمىش. لېكىن، «قارا سېدە مەھەللىسى» دېسەك يۇرتىمىزدا بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى، ھەتتا بىرەر كۈنلۈك يىراقتا بارساقمۇ «ئۆيىمىز قارا سېدىدە» دەيتتۇق. ھەممە بىلەتتى. ساددا كىشىلەر بىزدىن ئەيمىنەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، خۇددى قارا سېدىنىڭ

ئۆزىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇستۇۋېشىمىزغا قورقۇنچ بىلەن سەپسالاتتى، ھەتتاكى بەزىلىرى يىراق - يىراقلاردىن قارا سېدىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەھەللىمىزگە كېلەتتى. ئۇلار قارا سېدىدىن يىراقتا تۇرۇپ يېرىلىپ كېپەكلىشىپ كەتكەن قاپقارا قوۋزاقلىرىغا، ھەممە يېرىدە مىغىلدىشىپ كەتكەن ئۇششاق، رەڭلىك پاشا - كۇمۇتىلارغا ۋە باراقسان شاخلىرىدىكى قۇياش نۇرىدىن ئاقۇچ، سوغۇق يالتىراپ تۇرغان ھېسابسىز مايلىشاڭغۇ ياپراقلىرىغا ئۇزاققىچە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، قارا سېدە تۇيۇقسىزدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قارا تەرگە چۆمۈلەتتى. ئۈنسىز ھاياجان بىلەن پىچىرلىشىپ جىن - شاياتۇنلاردىن قوغدىغۇچى ئايەتلەرنى ئوقۇشاتتى. بەزىلىرى بىزدىن:

— قوشنىمىز پالانچىنىڭ ئايالىغا جىن چاپلىشىپ قالغانىدى، پېرىخون كېلىپ «قارا سېدىنىڭ قۇدرىتىدىن» دەپ بىرلا ئوقۇپ قويۇپتىكەن، ئەتىسىلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. تۈن كېچىلەردە ھەر ئىقلىمدىن قارا سېدىنىڭ تۆۋىگە باخشى - پېرىخونلار توپلىشىپ جىن - ئالۋاستىلاردىن ئىلىم تىلەپ تەلىم ئالارمىش. سىلەر ئۇلارنى كۆرەمسىلەر؟ سۆزلىرىنى ئاڭلامسىلەر؟ — دەپ سورىشاتتى.

قارا سېدىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر ھەر قېتىم ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق يېڭىلىقلار بىلەن كىچىككىنە مەھەللىمىزنى ۋەھىمىگە سېلىپ قايتاتتى. بىز ھەر كۈنى ئاخشام ئېتىزلىرىمىزدىن قايتىپلا مەھەللىدىكى كەڭرى قۇملاڭغا يىغىلىپ قارا سېدىنىڭ جىن - ئالۋاستىلىرى توغرۇلۇق قىزغىن، ئالاقزادىلىك بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. كىچىكىمىزدىن تارتىپ قارا سېدىنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا ئىز سالغان ۋەھىمىسىنى ئاشۇراتتۇق. تۈن كېچىلەردە قارا سېدە تەرەپتىن كېلىۋاتقان باخشى - پېرىخونلارنىڭ كونا كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ بەس - بەس بىلەن غوڭۇلدىشىپ ئوقۇۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتۇق، ھەتتا بەزىلىرى جىن - پېرىخونلارنىڭ دۇئا- تىلاۋەت ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

ئۇ خۇددى ئۇزاق ئۇيقۇغا كەتكەن غايەت زور يالماۋۇزدەك، هامان بىر كۈنى سېھىرلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كىچىككىنە قەدىم مەھەللىمىزنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك يۈز يىللاردىن بېرى ۋەھىمە بىلەن نەچچە ئەۋلاد سادداا، ئاجىز كىشىلەرنىڭ روھىغا رەھىمسىزلەرچە هۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

*　　　*　　　*

ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، ئاپتاپتىن كۆيگەن تۇمۇردەك يۈزلىرى دەھشەتتىن تېخىمۇ قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى جىن چاپلاشقان سەۋدايى ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— يېرىم كېچە بولۇپ قالغانتى، ئوخلاۋاتاتتىم، بىرى چاقىرغاندەك قىلدى، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ئىسمىمنى ئاتاپ توۋلىدى. هېچ نەرسىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا هويلىغا چىقتىم، هەممە يەر سۈتتەك ئايدىڭ، هېچكىم كۆرۈنمىدى. كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇۋىدىم، غايىبتىن بىرسى «سېدىگە قارا» دېگەندەك بولدى. قاراپ ساپتىمەن!

مەخان نامەلۇم قول گېلىنى بوغۇۋالغاندەك خىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى:

— قارا سېدە غولىدىن تا يوپۇرماقلىرىغىچە ئاپئاق ئاقىرىپ كېتىپتۇ. هەممە يەرلىرىدىن شۇرقىراپ قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك سۇرەن - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغ قارا سېدىنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى ماڭا يوپۇرۇلۇپ سوزۇلۇپ كەلگەنىدى، خۇدۇمنى يوقىتىپ جايىمدىلا يىقىلىپ قاپتىمەن.

مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك هەممىمىز قۇملاڭدا مەخاننى چۆرىدەپ ئولتۇراتتۇق. ئەقلىمىزنى بىلگەندىن بېرى قارا سېدە بوگۇنكىدەك دەھشەتلىك هەم نەپرەتلىك بىلىنمىگەنىدى. بىزگە خۇددى ئە-

جەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇنچتىن گاللىرىمىز قۇرۇپ ئۇزاققىچە تىمتاس ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ئاياللار بىر - بىرىگە سىلجىپ چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ پىچىرلاپ بارا - بارا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— بوۋام رەھمەتلىككىمۇ يېرىم كېچىدە بىرى ئىسمىنى توۋلىغاندەك مەلۇم بوپتۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆيىمىز قارا سېدىنىڭ يېنىدا ئىكەنتۇق. تالاغا چىقىپ قارىسا ئىنسۇجىن يوق. قارا سېدىنىڭ ئۈستىدە يوغان ئاق ئۆچكە ئولتۇرۇپ بوۋامغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقۇدەكمىش… شۇنىڭدىن بېرى بوۋام تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي ئۆلۈپ كېتىپتىكەن.

— ھېلىقى ئادەمنى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئوتتۇن كەسكىلى كىرىپ كېتىپ ئېزىقىپ ئۆلدى دېدۇق. لېكىن، جەسىتىنى ھېچكىم تاپالمىدى. كىم بىلىدۇ تېخى…

— ۋاي خۇدايىم، يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز…

مەخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ سەۋدايىلاردەك يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بۇ ئالۋاستى ماكاندىن ئەتىلا كېتەيلى! ئۇلاغلىرىمىزنى ئالدىمىزغا سېلىپ سەرسان، مۇساپىر بولۇپ كەتسەكمۇ…

مەخاننىڭ ئېرى خېلىغىچە تىترەپ گاڭگىراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھۆكرەپ يىغلاۋاتقان خوتۇنىنى تىزىدا قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ بوغۇق ۋارقىرىدى:

— ئۇنى قومۇرۇۋېتەيلى…

ھەممىمىز قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق. خۇددى قارا سېدە ئاتلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك ھولۇقۇپ ئارقىمىزغا بۇرۇلدۇق. قارا سېدە گۆگۈم قوينىدا تېخىمۇ بەھەيۋەت تۇس ئېلىپ، خۇددى بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— ئېلىشىپ قاپسەن! ئۇنىڭغا يېقىن يولىغىلى، قول تەگكۈزگىلى بولامتىمۇ؟— ئارىمىزدىن بىرى تىترەك، گۇمانسىراش ئاۋاز

بىلەن دېدى.

مەخاننىڭ ئېرى ئورنىدىن قوزغىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. كۆزلىرىدىن قورقۇش، شۇنداقلا تەلۋىلەرچە نۇر چاقنايتتى.

— مۇشۇ سېدە دەرىخى بىزنى ئاتام زامانىدىن خوتۇن كىشىنى قورقۇتقاندەك تىترىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇرۇندىنمۇ نەچچە ئادىمىمىز-نىڭ بېشىغا چىققان، هازىرمۇ بىزنى قورقۇتۇپ ئۆلتۇرگىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە بۇگۈن مېنى، ئەتە سېنى، ئىشقىلىپ، ھەممىمىز-نى خانىۋەيران قىلىپ، بۇ قەدىم جايىمىزنى ئالۋاستى ئوچىقىغا ئايلان-دۇرۇۋېتىدۇ. بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ يەرنى قاغجىرىتىپ ئالۋاس-تىلارغا تاشلاپ بەرسەك تۇزكور بولۇپ كېتەرمىز! ئەتىلا قومۇرۇۋې-تىپ قوقاس قىلىپ كۆيدۇرۇۋېتەيلى!

ئۇنىڭ سۆزىدىن بىز خېلىلا جانلىنىپ خۇددى قورقۇش چېكىگە يەتسە ئەكسىگە يانغاندەك ۋۇجۇدىمىزدا بىزنى مەھەللىمىزدىن ھەيدەپ چىقارماقچى بولغان ياۋۇز جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى بىر خىل تەلۋە كۇچ ۋە غەزەپ ئاستا - ئاستا قايناشقا باشلىدى.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— ئۆي - ۋاقىلىرىمىزنى ئاشۇ قارا سېدىگە تاشلاپ سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتەيلىمۇيا؟ «بالا - قازانى كۇتۇپ ياتساڭ بالا - قازا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلىسەن» دېگەن گەپ بار. جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قۇدرىتى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن ئۇلۇغ ئەمەس، خۇدا بىزگە يار - يۆلەك بولىدۇ. بولمىسا باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، نېمىلا بولسۇن قەدىم زېمىنىمىزنى تاشلاپ كەتمەيمىز!

—… خۇدا بىزگە يار - يۆلەك بولىدۇ، بىزگە ئاش - نان بېرىۋاتقان قەدىم جايىمىزنى تاشلاپ بەرمەيمىز.

— ئەمىسە كېسىۋېتەيلى، پېشانىمىزگە پۇتۇلگەننى كۆرەرمىز تايىنلىق.

— ئەتە سەھەردىلا قومۇرۇپ تاشلايلى. كۆيۇپ قوقاس بولۇپ كەتسۇن!

— بىز قورقۇش ھەم باتۇرلۇق بىلەن شۇنداق خەتەرلىك، قور-قۇنچلۇق ئىشقا بىرلىكتە تەۋەككۇل قىلىش قارارىغا كېلىپ ئۆيلىر-مىزگە تارقاپ كەتتۇق.

* * *

ئەتىسى سەھەر مەھەللىمىزدىكى ئەرلەر نامازدىن يېنىپ قارا سېدە ئالدىغا توپلاندى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ قوشنا مەھەللىلەردىكى خېلى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بۇ قورقۇنچلۇق تاماشىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. مەھەللىمىزدىكى بارلىق قېرى - چۈرى ئاياللار، باللار خېلى بۇرۇنلا قۇملاڭغا يىغىلىپ كۈتۈپ تۇرغانتۇق. ھەممىمىز ھا-زىرلا تەقدىرىمىز بەلگىلىنىدىغاندەك ۋەھىمىگە پېتىپ ئۇزاققىچە سۈ-كۈتتە تۇردۇق. مەسچىتىمىزنىڭ ئىمامى قۇرئاننى كۆكسىگە باسقان پېتى توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قورقۇنچنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ ھاياجان بىلەن ئېيتتى:

— يارانقۇچى ئىگىمىز جىن - ئالۋاستىلارنى ھەرگىزمۇ بەندىلە-رىدىن ئۇلۇغ يارانقان ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئاللا بىزنى ۋەھشىيلەرنىڭ دەپسەندىسىگە تاشلاپ بەرمەيدۇ. خۇدا ھەممىگە قادىر، ئۇلۇغ تەڭرى-نىڭ نامى بىلەن، دەپ باشلاڭلار!

مەخاننىڭ ئېرى بىلەن يەنە بىر دېھقان يوغان ھەرىنى كۆتۈرۈ-شۇپ قارا سېدىنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمۇشتىن بۇيان تۈنجى بولۇپ قارا سېدىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ بارغانىدى (مەھەللىمىز-دىكى چوڭلار بىز باللارنى، ھەتتا قۇرامىغا يەتكەنلەرنىمۇ «قارا سېدىگە باغلاپ قويىمەن» دەپ قورقۇتاتتى، پۇت - قوللىرىمىز سۇنۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ دەرھاللا شۇكلەپ ياۋاشلاپ قالاتتۇق) . قارا سېدى-نىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى قاداقلىشىپ تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن قارامتۇل قوۋزىقىغا تەگكۈزۈپ، بىردىنلا ياۋايىلارچە شىددەت بىلەن ھەرىدەشكە

باشلىدى. غەزەپ ۋە قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۆمۈردەك قارىيىپ، كۆزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى. يۈز يىللاردىن بېرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ غالىبانە ياشاپ كېلىۋاتقان قارا سېدە ئۆز تېنىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تىتىۋاتقان ئۆتكۈر ھەرە زەربىدىن ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋاز چىقىراتتى. بىز دەھشەتلىك بىرەر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ قارا سېدىگە چەكچىيىپ تىكىلگەن پېتى دۈگدىيىپ، شۈمشىيىپ تۇراتتۇق. گوياكى ھەرە قارا سېدىنى ئەمەس، بەلكى ئۆز بەدەنلىرىمىزنى تىتىپ كېسىۋاتقاندەك ئىدى. ھەرىدەشتىن ھاسىل بولغان غەيرىي بوغۇق سادا بىزنى ئېغىر ۋەھىيمىسى بىلەن ئېزىپ، نېرۋىمىزغا نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۆزىمىزنى ئاشۇ بەھەيۋەت قەدىمىي دەرەخنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئاجىزلاپ، كىچىكلەپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ خۇددى بىزگە قاراپ مەنسىتمەسلىك، شۇنداقلا ئاچچىق مەسخىرە، نەپرەت بىلەن كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلار ھەرىدەشتىن ھالسىراپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالغاندىلا، توپنىڭ ئىچىدىن يەنە ئىككىسى چىقىپ ھەرىدەشنى داۋاملاشتۇردى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بىز كۈتۈۋاتقاندەك دەھشەت تېخىچە يۈز بەرمىگەچكىمۇ، چوڭلار خېلىلا يۈرەكلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە مۈرىلىرىنى تىرەپ ئاستا - ئاستا لۆمشۈپ ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاپ كېلىشكىلى تۇردى. ئۇنى تېزرەك يىقىتىپ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلار خۇددى جىنازىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ھەرە سېپىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، كۈچ بىلەن ھەرىدەشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ يانغا قىيسىيىپ غىچىرلىدى. ئەسىرلەردىن بېرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە ۋەھىمە سېلىپ، روھىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان قارا سېدە پۈتكۈل مەھەللىنى لەرزىگە سېلىپ قارسىلداپ يىقىلدى.

خېلى ئۇزاققىچە ھەممىنى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى ئۆلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. قارا سېدىنىڭ تۈۋىدىن ئاجراپ يەرگە يىقىلغىنىغا ئىشەنگۈمىز كەلمىگەندەك ئورنىمىزدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ

قالدۇق. خۇددى ئۇزاق بىر ئۆتمۈش بىلىنگەن بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ھەممىمىز ناھايىتى تەسلىكتە قىمىرلاپ قوزغىلىپ، يەردە ياتقان باراقسان قارا سېدىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق.

مەخان ياقىسىنى تۇتۇپ ھاياجاندىن يىغلاپ كەتتى.

— بالا - قازادىن قۇتۇلۇپتۇق... مىڭ قەترە شۈكرى ئىلاھىم، قۇتۇلۇپتۇق.

ھەممىمىز خۇددى بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغاندەك يېنىك تىن ئېلىپ، قارا سېدىگە تىكىلگەن پېتى چەكسىز ھاياجان بىلەن ئۈنسىز كۈلۈشكە باشلىدۇق.

مەخاننىڭ ئېرى ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتى.

— مەن دېمىگەنمىدىم سىلەرگە، خۇدا بىزگە يار. يولەك بولىدۇ دەپ، مەن شۇنى بىلەتتىم . مانا كۆردۈڭلارغۇ؟ جىن - ئالۋاستىلار نېمە قىلالىدى بىزنى، شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۇدەك نېمىسى بار ئىدى بىر قېرى كۆتەكنىڭ...

ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۇشۇشكە تىرىشىپ بەس - بەس بىلەن سۆزلىشىپ كەتتۇق.

— يائاللا، ئاخىر قۇتۇلدۇقمۇ شۇ جىن ئۇۋىسى دەرەختىن.

— بىزنى خانىۋەيران قىلغىلى ئاز قالغانتى، مانا قۇتۇلدۇق.

— كېچىسى ئارامخۇدا ياتقىلى قويمايتتى، داقا-دۇمباق ئاۋازى...

— بوۋامنىڭ كۆزىگە ئاق ئۆچكە كۆرۈنۈپ...

— بېشىمىزدا ساڭگىلاپ تۇرغان بالا - قازا ئىدى قۇرغۇر!

—ۋۇي ئىپلاس.

— خۇدايا توۋا! مۇشۇ قوتۇر سېدىدىنمۇ قورقۇپ يۈرۈپتىكەندىمىز، قېنى شۇ جىن - ئالۋاستىلار ئەمدى؟

ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان كەكە - پالتىلىرىمىزنى ئېلىپ، قارا سېدىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى كېسىپ پارچىلاپ مەھەللىمىز سىرتىدىكى شورلۇققا دۆۋىلىدۇق. كۈچتۈڭگۈر ئەرلەر نەچچە سائەتكە قال-

مايلا قارا سېدىنىڭ قۇچاق يەتمەس غوللىرىنى يېرىپ تەييار قىلدى. ئاخىرىدا كۆتىكىنىمۇ كولاپ چىقىرىپ، ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوت ياقتۇق.

ھۆل شاخ - شۇمبىلار باشتا بۇخسۇپ تۇتەپ تۇرغان بولسىمۇ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي شامالنىڭ كۈچى بىلەن بارا - بارا ئۇلغىيىشقا باشلىدى. مايلىشاڭغۇ شاخ - يوپۇرماقلار شىددەت بىلەن چارسىلداپ كۆيۈپ ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، غايەت زور گۇلخان ھاسىل بولدى. ئوت كەچ كىرگۈچە كۆيدى. گۇگۇمنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ غايەت زور گۇلخانمۇ ئۆچتى - دە، ئاخىر بىر دۆۋە كۇلگە ئايلاندى.

* * *

قارا سېدە كۆيدۈرۈلۈپ بىر ھەپتە ئۆتمەستىنلا بىزنىڭ پەلەككە يەتكەن غەلىبە خۇشاللىقلىرىمىز خۇددى ئاشۇ زور گۇلخاندەك بارا - بارا ئۆچۈپ، بىر دۆۋە سوغۇق ھەم ئېچىنىشلىق كۇلگە ئايلاندى.

كىچىككىنە مەھەللىمىزنى چۈشىنىپ بولغۇسىز، تاشلاندۇق خارابىلەرگە، قەبرىستانلىقلارغا خاس بىرخىل بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلاپ كەتتى. ئىلگىرىكىدەك مەھەللىمىزنى جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان قايناق جىددىيلىك، ئالدىراشچىلىق، يېزا مەھەللىلىرىدە بولىدىغان قىزغىن ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن ئەسەر قالمىغانىدى. ھەممىمىز قانداقتۇر ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسىمىزنى يوقىتىپ قويغاندەك، مەھەللىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتۇق. ھەممە نەرسىلىرىمىز ئۆزىمىگە يات، سوغۇق تۇيۇلاتتى. ھەرىكەتلىرىمىزدە، سۆزلىرىمىزدە بىچارىلەرچە، قولاشمىغان سۇنئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىز باش - ئايىغى يوق قويۇق زۇلمەت جاڭگىلىغا كىرىپ قېلىپ، ھېچقانداق نىجاتلىق يولى تاپالماي بىھۇدە تەمتىرەپ، گاڭگىراپ يۈرگەندەك ئىدۇق.

ئادىتىمىز بويىچە بۇگۇنمۇ گۇگۇم چۈشمەستىنلا ھەممىمىز بىر-بىردىن قومىلاڭغا چىقىپ ئولتۇردۇق. بىرنەچچە ئىغىز ئادەتتىكى پاراڭدىن كېيىن يەنىلا قارا سېدىنىڭ ۋەھىمىسىدىنمۇ ئېغىر بولغان ئازابلىق بۇرۇقتۇرمىلىق باشلاندى. ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن پۈتكۈل مەھەللىنى باشلىرىغا كىيىدىغان باللارمۇ ئانىلىرىنىڭ قوچىقىدا مۆل-دۈرلەپ ئولتۇراتتى.

ھەممىنى تۇم قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئاسماندا سانجاق - سانجاق يۇلتۇزلار چاراقلاپ نۇر چېچىشقا باشلىدى. لېكىن، ھەممىمىزلا باشلىرىمىزنى چۈكۈرگەن پېتى ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتۇق. ياشلار-نىڭ غىڭىلداشلىرى غەشلىكىمىزنى ئاشۇراتتى. ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىق قەلبىمىزنى ئازابلايتتى، ھەتتاكى ئارىمىزدى-كى ئەڭ ياخشى ئادىمىمىز ئۆلۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ بۇنچىلىك ئاچ-چىق، ئېغىر ئازاب ھېس قىلمىغان بولاتتۇق.

مەخان بىزنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك يۇزىگە ياسما كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— ئەجەبمۇ قۇتۇلدۇق شۇ جىن جايلاشقان دەرەختىن.

مەخاننىڭ ئېرى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى.

— ئاغزىڭنى يۇم، شۇم ئېغىز كاززاپ!

ئۇنىڭ بوغۇق، ئەلەملىك ۋارقىرىشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئۇ-زاققىچە ياڭراپ كەتتى.

— نابۇت قىلدۇق. كۆڭلىمىزنىڭ قارىلىقىدىن، دىنسىزلىقى-مىزدىن، كاززاپلىقلىرىمىزدىن نابۇت بولۇپ كەتتى. ئاتا - بوۋىلىرى-مىز قالدۇرغان تەۋەررۇك گۆھەر ئىدى. بىزگە بەرىكەت ياغدۇرۇۋات-قان، جايىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان، ياشنىتىۋاتقان ئۇل ئىدى.

— مەن 108 يىل ياشىدىم. ئىمانىم كامىلكى، مەن قارا سېدى-دىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھىد - پۇرىقىدىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي-لىك سەزمىدىم. قورققاققا كالا تىزىكىمۇ جىن كۆرۈنىدۇ، — زىكرى بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئاپئاق

ساقاللىرى ئەلەمدىن تىترەيتتى، — ئەڭ قەدىرلىك نەرسىلىرىمىز ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، ئىزى ئۆچۈۋاتىدۇ. خۇداۋەندە كەرىم، ۋەھىمە-خور بەندىلىرىڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن... ئاتا - بوۋىلىرىمىز قال-دۇرغان گۆھەر ئىدى. تەۋەررۇك ئىدى...

زىكرى بوۋاي بېشىنى چايقاپ سۆزلىگەن پېتى پۇتۇنلەي ماغدۇر-دىن كەتكەندەك تەسلىكتە مېڭىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

بىز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولمايدىغان كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆت-كۈزگەنىدۇق. بەئەينى ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمىزنى، بىزدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بارلىق ئەجدادلىرىمىزنى، ئۇلار قالدۇرغان مۇشۇ قەدىم زېمىن بىلەن قوشۇپ قايتىدىن ئۆلتۈرگەندەك كەچۈرگۈسىز جىنايەت ھېس قىلاتتۇق. بىز ئۆز قولىمىز بىلەن يوقاتقان ئاشۇ قارا سېدىنگە قوشۇلۇپ مەھەللىمىز ھەم ئۆزىمىزمۇ بۇ دۇنيادىن ئۆچۈپ، يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئاچچىق پۇشايمان، ۋەھىمە ھەم ھەسرەتتىن ئۆرتىنەت-تۇق.

بىز ئورنىمىزدا ئۇزاققىچە قېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق. يېرىم كېچىگىچە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئولتۇرغاندىمىز. لېكىن، ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. ئاخىر ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزگە ئۈن-تىنسىز ئاستا - ئاستا تاراپ كەتتۇق.

ئەتىسى سەھەر مەھەللىمىزنى بىر ئالغان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۆيىمىزدە ھېچكىم قالمىغانىدى. كىيىنىمنى ئالدىراپ كىيىپلا سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتىم. مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارا سېدە قومۇرۇۋېتىلگەن ئورۇننى چۆرىدەپ ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. مەن يۈگۈرۈپ بارغانچە توپنى يېرىپ ئۆتۈپ ئورنۇمدا قېتىپ قالدىم.

قارا سېدىنىڭ ئورنىغا كىچىككىنە يۇمران سېدە كۆچىتى تىكىل-گەنىدى.

1992- يىل 2- ئاي

# ياۋايى ھايۋانلار مۇھاپىزەت بازىسى ۋە جىنايەت

ئۇ شۇ يەردە — تاغنىڭ ئىپتىدائىي ئۈسۈملۈكلىرى بىلەن قور-
شالغان ئازگالدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى.

بىز بۈك ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ ئىچىدە قانلىق ئىزلارنى بويلاپ قوغلاپ مېڭىپ نۇرغۇن ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدۇق. بىچارە جانىۋار ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ ئۈركۈپ چاپچىپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، شۇ زامات گۈپپىدە ئورنىغا يىقىلدى، ھەتتا بېشى-نى كۆتۈرۈشكىمۇ مادارى يەتمىدى. رەھىمسىز ئوق ئۇنىڭ ئوڭ بىقىنىغا تېگىپ، كۆكرىكىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەنىدى. گەرچە ئۇ ئوۋچى چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ چىققان بولسىمۇ، قانسىراپ كەتكەچكە ئەجەل قوينىدا جان تالىشىپ ياتاتتى. ئەڭ ئېچىنارلىقى، كۆز ئالدىمىزدا قان ئىچىدە ياتقان جانىۋار بوغاز بولۇپ، پات يېقىندا ساغلام نەسىل قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ سومكامدىكى بىنت - دورىلار بىلەن ئۇنىڭ يارىسىنى قان توختىغۇدەك قىلىپ مەھكەم تېڭىۋەتتىم. ئاڭغۇچە مېنىڭ ياردەمچىم — چېۋەر قىرغىز يىگىتى ھەش - پەش دېگۈچە تاغنىڭ تال - شىۋاقلىرىدىن زەمبىل ياساپ تەييار قىلغانىدى. قىرىشقاندەك بۈگۈن ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا مۇھاپىزەت بازىمىزدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناھىيە بازىرىغا چۈشۈپ كەتكەن بو-لۇپ، بازىدا قىرغىز يىگىتى بىلەن مەن ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. بىز

مىڭ مۇشەققەتتە ئېغىر، ياردار جانىۋارنى زەمبىلگە سالدۇق. تاغنىڭ ئېگىز - پەس غىلتاڭ يوللىرى بىلەن ھاسىراپ - ھۆمىدەپ پەسكە — تاغ باغرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك چۈشۈشكە باشلىدۇق. ئۇ يەردە بازىمىزنىڭ مىنىبۇسىنى قالدۇرۇپ قويغانىدۇق.

ياردار جانىۋار تېپىلغان جايدىن مىنىبۇسىمىزغىچە بولغان ئارىلىق خېلىلا بار ئىدى. بىز 150 كىلوگرامچە ئېغىرلىقتىكى جانىۋارنى كۆتۈرۈپ تاغ تۆۋىنىگە قاراپ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ماڭدۇق. بىلەكلىرىمىز بېغىشلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكۈدەك تېلىپ ئاغرىيتتى. ئىرماش - چىرماش ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا گىياھلارغا پۇتلىرىمىز ئىلىنىشىپ، ھەدېسىلا يىقىلىپ چۈشەتتۇق. باش - كۆزىمىزدىن قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەر كۆزلىرىمىزنى ئاچقۇسىز ئېچىشتۇراتتى. بىزنىڭ كاللىمىزدا پەقەت ياردار جانىۋارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزلىك بىلەن مۇھاپىزەت بازىمىزغا يەتكۈزۈۋالساق، دورىلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، دېگەن ئۇمىد ھۆكۈم سۈرەتتى.

ناھايەت، بىز ئاخىر مىنىبۇسىمىز ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. كەلدۇقيۇ، ھەر ئىككىمىز يەرگە يىقىلدۇق. پۈتۈن ئەزايىمىز ئۆز سېزىمىنى يوقاتقاندەك ئىدى. يۈزىمىزنى مۇزدەك، ھۆل چىملىققا يېقىپ، ئېغىر نەپەس ئالاتتۇق. تېڭىلغان يارىسىدىن قان تېخىچە توختىماي سىرغىۋاتقان جانىۋار يېنىمدىلا بىلىنەر - بىلىنمەس پۇشۇلداپ ياتاتتى. تىنىق، يوغان كۆزلىرىدىن ئاققان ئازابلىق ياشلار تاكى بوينىغىچە ئاقۇچ قوڭۇر رەڭ مويلىرىنى ھۆل قىلغانىدى. شۇ چاغ غەلىتە، سەبىي بىر ئەلەملىك غەزەپتىن مېنى يىغا تۇتقاندەك بولۇپ بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. شۇدەم ۋىجدانسىز ئوۋچى يېنىمدا بولسا، تەبىئەتنى ۋەيران قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ياشاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان، يەر يۈزىدىن نەسلى قۇرۇشقا يۈز تۇتقان مۇشۇ بىچارە، بوغاز جانىۋارنى قانداق ئاتقان بولسا قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىمۇ شۇنداق ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم!

خېلىدىن كېيىن زورۇقۇپ — دەلدەڭشىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

يۈز - كۆزلىرىم ياشتىن ھۆللەنگەنىدى. ئۆزۈمنى دۇنيادا يالغۇز
تاشلىۋېتىلگەن، خورلانغان مەغلۇپ بىچارىلەردەك ھېس قىلاتتىم. تاغ
ئېچكىرىسىدىكى بۇ ياۋايى ھايۋانلار مۇھاپىزەت بازىسىغا قانداق ئۇلۇغ-
ۋار ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن كەلگەنىدىم - ھە! رەھىمسىز تەقدىر X
X ئەسىر — ھەممە تەبىئەت مەۋجۇداتىنى ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك كۈچ-
قۇدرىتى بىلەن بويسۇندۇرۇۋاتقان، يەكسان قىلىۋاتقان يېڭى ئالەم
ئاچچىق قامچىسى بىلەن مېنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلىدى. بۇ يەردىكى
خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ مۇھاپىزەت
ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنىپ ئەۋەتىلگىنىمگە ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا
كەلكۈندەك يامرىغان ئالتۇن قازغۇچىلار، يايلاقلاردا دورا ئۆسۈملۈك-
لىرى يىغقۇچىلار ۋە قانۇنسىز ئوۋچىلار تەرىپىدىن مۇشۇنداق ياۋايى
ھايۋانلاردىن 30 نەچچىسى ئوۋلىنىپ كەتتى. نەسلى پۈتۈنلەي دېگۈ-
دەك قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي قىرغىز يىگىتمۇ دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن
تۇردى. ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ماغدۇرسىز پۇتلىرى
پۈكۈلۈپ ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىنىمسىز تىترەيتتى. بىز-
نىڭ ھەربىر مىنۇتىمىز ئالتۇندىن قىممەت بولۇپ، ياۋايى جانىۋارنىڭ
ھايات - ماماتىغا باغلىق ئىدى. ئىككىمىز ئاخىرقى ماغدۇرىمىزنى
يىغىپ ئۇنى قېلىن پاخال سېلىنغان مىنىبۇسقا جايلاشتۇردۇق. قىر-
غىز يىگىت ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن پېتى رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى-
دە، مىنىبۇسنى قوزغىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مىنىبۇسىمىز تاغ باغرىدى-
كى ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلاردىن ئاسفالت يولغا چىقىپ بازىمىزغا
قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى.

مەن مىنىبۇستا يارىدار جانىۋارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن
كۆزۈمنى ئۈزمەي ئەھۋالىنى كۆزەتتىم. يۈرىكىمدە ھەرقانچە بەدەل
تۆلەپ بولسىمۇ بۇ قوغدىلىدىغان جانىۋارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىستى-
كى ئوت بولۇپ ياناتتى. گەرچە مىنىبۇس ئەڭ تېز سۈرئەتتە كېتىۋات-
قان بولسىمۇ، ئەمما ماڭا خۇددى بارغانچە ئاستىلاپ كېتىۋاتقاندەك

تۇيۇلۇپ، ئىچىم تىتىلدايتتى، كابىنكىنىڭ تۆمۈر توسۇقىنى ئۇرۇپ قىرغىز يىگىتكە زەردە قىلىپ ۋارقىرايتتىم.

ئويلىمىغان يەردىن مىنىبۇس قاتتىق تورمۇز قىلىنىپ چىرقىرىغىنىچە يول ئۈستىدىلا توختاپ قالدى. يۈرىكىم ئاللىقانداق شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى. ئەگەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا يول ئۈستىدە بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالىدىغان بولساق، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ ئىدى.

مەن مىنىبۇستىن سەكرەپ چۈشتۈم. مىنىبۇس ئالدىدا جۇلدۇر كىيىمگەن بىر بوۋاي بىر قولى بىلەن يەرنى تىرەجەپ، يەنە بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى چىڭ باسقان هالدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. مەن بوۋاينى دەرهاللا تونۇدۇم. ئۇ بازىمىز جايلاشقان تاغلىق مەهەللىگە هەر ئايدا بىرنەچچە قېتىم چىقىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. بوۋاي مېنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ساقال ۋە قاسماق باسقان يۈزى سапسېرىق سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— ئەهۋالىم ئېغىر... تۇغقىنىم، ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ!

ئۇ ماڭا هالسىز تەلمۈرۈپ شۇ گەپنى ئاران دېيەلىدى. ئاتخۇچچە قىرغىز يىگىت ئالدىمغا كېلىپ ئۆز مەيدىسىنى كۆرسىتىپ ئالدىراش چۈشەندۈردى:

— چالنىڭ مەيدىسىدە يامان ئاغرىقى بار... شۇڭا ئۇ، يولدا يىقىلىپ قاپتۇ.

شۇندىلا يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. بايا مەن ئۇنى مىنىبۇسىمىز سوقۇۋەتكەن چېغى دەپ ئويلىغانىدىم. قىرغىز يىگىت بوۋاينى يۆلەپ مىنىبۇس تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

— چالنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

— ياق... توختا!

مەن ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭغا توۋلىدىم. چۈنكى، دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئارقىمىزغا يېنىپ، ناهىيە بازىرىغىچە 15 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق قىلغاندا ياردار جانۋار —

مەملىكىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان، 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى هايۋاننى ئۆلۈم ئاغزىغا ئىتتىرىپ بەرگەنلىك بولاتتى، شۇنداق بولغان- دا بىزنىڭ ھەممە ئەجرىمىز بىكارغا كېتەتتى.

قىرغىز يىگىت ھەيرانلىق بىلەن چىرايىمغا تىكىلدى.

— توختاپ تۇر، دوختۇرخانا بوۋاينى داۋالىغان بىلەن هايۋانلار- نى داۋالىيالمايدۇ. بوۋاي بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز ئالدى بىلەن ياردار جانىۋارنى بازىمىزغا يەتكۈزۈۋالايلى، ئاندىن بىر گەپ بولار.

— بىراق ... بىراق بوۋاينىڭ هالى بەك ئېغىر...

— ياۋايى جانىۋارنىڭ هالى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر!

مەن ئۇنىڭغا زەردە بىلەن بۇيرۇق تەلەپپۇزدا كېسىپلا ۋارقىر- دىم. قىرغىز يىگىتنىڭمۇ يۈزىگە قىزىللىق تەپتى. ئۇ مېنىڭ كۆ- زۈمگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋازدا دېدى:

— بۇ دېگەن ئادەم، هايۋان ئەمەس!...

كۆزلىرىمگە قان تولغاندەك بولدى. ئىككىمىز تاغ چوققىسىغا يىلاندەك ياماشقان يولدا بىر- بىرىمىزگە غەزەپلىك تىكىلىپ خېلىغى- چە قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. بىردىن، قىرغىز يىگىت نېمە ئويلىدى- كىن لەسسىدە بوشىشىپ قالغاندەك بولدى. يالۋۇرغاندەك ئاۋازدا ئامالىنىڭ بارىچە ئۇيغۇرچە سۆزلىدى.

— سىز يېڭى كەلدىڭىز باشلىق، تاغلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىش- لارنى بىلىپ كەتمەيسىز، ئاۋۇلىمىزدىكى قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى بۇ تىلەمچى بوۋاينى ئوبدان بىلىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۇۋالىغا كەتكەن بىچارە، بەختسىز ئادەم، چالنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتسەك يول ئۇستىدە ئۆلۈپ قالىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا مۇنداق گەپلەر ماڭا قىلچىلىكمۇ تەسىر قىلمايتتى. نېمىلا بولسۇن، ياردار هايۋاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەل- گەنىدىم. چۈنكى، بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىدى. قىرغىز يىگىتكە قەتئىي قىلىپ بۇيرۇق قىلدىم:

— مىنىبۇسقا چىق!

قىرغىز يىگىت ھەرقانچە يېلىنغانىنىڭمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى پەم-لىدى - دە، يەرگە زەردە بىلەن بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەڭ قوپال سۆزلەر بىلەن تىللىغان پېتى مىنىبۇسقا چىقتى. مىنى-بۇس ئىشىكى قولاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلەپ يېپىلدى. غەزەپتىن چېكە تومۇرلىرىم كۆپۈپ، مۇشتۇمۇم مەھكەم تۈگۈلدى. ئەگەر باشقا چاغ بولغان بولسا ئىدى، مەن بۇ تاغلىققا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويغان بولاتتىم. لېكىن، ھازىر ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئورنۇمغا چىقىپ ئولتۇرۇشۇم بىلەن تەڭلا مىنىبۇس ئورنىدىن شىددەت بىلەن قوزغالدى - دە، بوۋاينى ئەگىپ ئۆتۈپ، غالجىرلاشقان ياۋايى مەخلۇق كەبى تاغ ئاستىدىكى بازىمىزغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مۇھاپىزەت بازىمىزنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كېلىپلا مىنىبۇستىن سەكرەپ چۈشۈپ ياردار جانىۋارنى يەرگىلا چۈشۈردۇق. قورۇ ئىچى-دىكى دوختۇرخانا بۆلۈملىرىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كېرەكلىك ئوپېرات-سىيە سايمانلىرى ۋە ھەرخىل دورا - ئوكۇللارنى ياردار جانىۋارنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىدۇق. ۋاقىتنى زايە كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىشنى قو-رۇق ئىچىدىلا باشلىماقچى ئىدۇق. مەن ئالدىراپ - تېنەپ ياردىكى تېڭىقنى يېشىشكە تەمشەلدىم، لېكىن شۇدەم قوللىرىم ھاۋادىلا قېتىپ قالدى.

ياۋايى جانىۋار ئۆلگەنىدى...

شۇ ۋاقىتتىكى ئازابلىق روھىي ھالىتىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەي-مەن. بېشىمنى چاڭگاللاپ ياۋايى ھايۋاننىڭ جەسىتى ئالدىدا ئۇزاققى-چە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى ھاياتلىق بىلەن باغلاپ قويغۇچى ئاللىقانداق بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، ھەممە ئارزۇ - ئارمان-لىرىم بەربات بولغاندەك سېزەتتىم. بەختسىز جانىۋار قان ۋە لاي بىلەن بۇلغانغان جانسىز بېشىنى بەخىرامان تاشلاپ كەتتى. كۆزلىرى يۇمۇلماي شۇ پېتى قېتىپ قالغانىدى.

بىردىنلا ۋۇجۇدۇمغا ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز، سىرلىق بىر ۋەھىمە تاراشقا باشلىدى. بىردىنلا شىددەت بىلەن زورىيىپ - جانلى-

نىپ كۆز ئالدىمدا — ئۆلۈپ ياتقان ياۋايى جانىۋارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا ھېلىقى تىلەمچى بوۋاينىڭ ئايانچلىق مىسكىن سىيماسى گەۋدىلەنگەندەك بولدى.

بوۋاي ئادەمزاتسىز تاغ يولىدا بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى مۇجۇپ، بىر قولى بىلەن يەرگە تىرەجىگەن ھالدا ئەجەل قۇچىقىدا جان تالىشىۋاتاتتى...

. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يىڭنىدەك كىچىك ۋە ئۆتكۈر بىر ئازاب پەيدا بولدى. بىردىنلا ئۇ شىددەت بىلەن كۈچىيىپ مېنى چىداپ تۇرغۇسىز ھالدا قىيناشقا باشلىدى. ئەگەر يەنە بىرنەچچە دەقىقە ئۆتىدىغانلا بولسا، شۇ غايەت زور قۇدرەتلىك ئازاب مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ تاشلايدىغاندەك ئىدى. مەن يەنە چىداپ تۇرالمىدىم. ئەقلىدىن ئازغان سەۋدايى كەبى ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، مىنىبۇسقا قاراپ چاپتىم. قورۇدا توپا توزۇتۇپ مىنىبۇسنى شىددەت بىلەن قوزغىدىم. ئاڭغۇچە قىرغىز يىگىت چەبدەسلىك بىلەن مىنىبۇسقا سەكرەپ چىقتى -دە، رولنى قولۇمدىن ئېلىپ خوتنى ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتكە يۆتكىدى. مىنىبۇس تاغ تۆۋىنىگە — بىز تىلەمچى بوۋاينى تاشلاپ قويغان يەرگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

قۇلاق تۈۋىمدە دالىنىڭ ئاچچىق، سوغۇق شامىلى نالە قىلغاندەك ۋىژىلداپ - ئۇشقىيتىپ ئۆتەتتى. مىنىبۇس ئاستا - ئاستا كۆيۈپ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك جىزىلداپ تىترەيتتى. يول گوياكى شەيتان سەرابىغا ئايلىنىپ، بارغانچە ئۇزىرىپ سوزۇلۇپ باراتتى. ناھايەت، ناھايىتى يىراقتا — تاغ يولىنىڭ كۆپكۆك دالا باغرىنى يېرىپ، سېزىلدۇرمەي يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك يېرىدە تىلەمچى بوۋاينىڭ قوڭۇر گەۋدىسى سۇس كۆرۈندى. ئۇ شۇ يەردە — بايا مەن تاشلاپ كەتكەن يول ئۈستىدە خۇددى يەر - زېمىن بىلەن ئەبەدىي بىرىكىپ كەتكەندەك مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. ۋەھىمىدىن تەنلىرىم مۇزلاپ، بوغۇزۇمغا ئەلەملىك يىغا قاپلاشتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ بوۋا! خۇدا ھەققى بەرداشلىق بېرەلمىگ...

ئۆتۈنۈپ قالاي…

كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ئاچچىق ياشلار تۆكۈلدى.

مىنىبۇس ماتورىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيىپ، تاغ قاپتىلىدىن يانغان ئەكس ساداغا قوشۇلۇپ شىددەتلىك شاۋقۇنغا ئايلاندى.

1996- يىل 12- ئاي



# ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىم

ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلا ئېقىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى، يەنى نەپىس تام رەسىملىرى بىلەن ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن ئېپتىخارلىنالايدۇ، بۇ بولسىمۇ خوتەن رەسسامچىلىقى ئېقىمىدۇر.

— مارئو بۇ ساگرى رىم ئۇنىۋېرسىتېتى

پەلەك ھۆكمى ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولمىش قۇملۇق زېمىنىنىڭ تەقدىرىگە ئەنگلىيىلىك پۇتۇۋەتكەن ھالاكەتلىك كۆچمە — قۇملۇق بوران بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەرنى ئەجدىھادەك ئاستا - ئاستا يالماپ يۇتماقتا ئىدى.

شۆھرىتى يىراق چىندىن ئۇلۇغ بۇددا يۇرتى ئەنەتكەككىچە تارالغان 300 يىللىق قەدىمىي ساڭرام[1]نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇركۇم ئىخلاسمەن راھىبكالانلىرىمۇ ياۋۇز جىن - ئىلاھلارنىڭ قەھرى ياغقان بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ جۇدالىق نالە-پەريادلىرى تەكلىماكاننىڭ رەھىمسىز قۇم بورىنىنىڭ ھۇۋۇلىشىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

غايەت زور ئىبادەتخانا ئىچىدە ھېسابسىز قۇم زەھەرلىك يىلانلاردەك يۆگىلىپ يەر بېغىرلاپ ئۆشقىيتاتتى. 3000 راھىبى بولغان بۇ كاتتا ئىبادەتخانا نەچچە كۈن ئىچىدىلا شۇنچە ئېچىنىشلىق ۋەيرانچى-

① ساڭرام — ھويلا - ئارامىلىرى بولغان چوڭ تىپتىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى.

لىققا ئۇچرىغانىدىكى، مەشرىق- مەغرىب بۇددا سەنئىتىنىڭ ئوچىقى، بۇددىستلارنىڭ ئىككىنچى مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولمىش بۇ ساڭرام-نىڭ ئىلگىرىكى ئاۋاتلىقى ھەربىر مۇخلىسنىڭ خىيالىي چۈشىگە ئايلاندى.

ئىبادەتخانا ئىچىدە ھالاكەتكە يۈزلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن ئادەمسىز شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پۇقراسى — ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك بۇددا رەسسامى ۋە ئۇنىڭ رەسىم سىزىش سەنئىتىنىڭ ھەممە سىرلى-رىغا ۋارىسلىق قىلغان سادىق شاگىرتىلا قالغانىدى. ئۇلار ئىلاھىي سېھىر بىلەن سېھىرلەنگەندەك ئىبادەتخانا ئىشىكى ئالدىدا سۈكۈناتقا پېتىپ ئۆرە تۇراتتى. پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى مال- بىساتلىرىنى تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر قىلغان قۇملۇق بورىنىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمىسىمۇ، قۇملۇق خەلقلىرى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچ-لۇق بولغان بوران ئىچىدىكى غەلىتە سادالار — جىن- ئالۋاستىلار-نىڭ ئىنسانلارنى ئەقىل- ھوشىدىن ئايرىغۇچى سېھىرلىك نەغمىلىرى-مۇ ئۇلارنىڭ سۈكۈناتىنى بۇزالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تالادا بولسا قۇملۇق بوران ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىپ گۈركىرەيتتى. ئۇششاق قۇم ئېقىنلىرى ئۇلارنى ئوشۇقىنىڭ ئۈستى-گىچە كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

ساڭرام ھويلىسىدا بىردىنلا ئاتنىڭ دەھشەتلىك كىشنىگىنى ئاڭ-لاندى. ئىبادەتخانا ئىچىدە بوراننىڭ گۈركىرىشى بىردىنلا توختاپ، ھاۋادا بىرنەچچە دەقىقە قېتىپ قالغاندەك ئاتنىڭ ئەكس ساداسى ياڭ-راپ كەتتى. ئەقىللىق جانۋار ھالاكەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرىنى سەزگەنىدى. شۇندىلا شاگىرت ئېسىگە كېلىپ ھودۇقۇپ قالدى، لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا قەدىرلىك ئۇس-تازىغا ئايانچ ھەم ئۆتۈنچ بىلەن ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئۇستاز...

قېرى رەسسام يەنىلا سۈكۈتتە ئىدى. گوياكى ساڭرام راھىبلىرى ئۆزى بىلەن ئەكېتەلمەي تاشلىنىپ قالغان ئىلاھ ھەيكەللىرىدەك خارا-

بىلاشقان ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئورنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاپئاق ئاقارغان شالاڭ، بۇدۇر ساقاللىرى تىترىگەندەك بولدى. يۈرەك - باغرىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئەلەملىك نىدا قىلدى:

— ئاھ، ئۆمرى قىسقا سىزمىچىلىق مۆجىزاتى… قۇترىغان قۇملۇق بورىنىنىڭ ئەبەدىيلىك دەپنە - قۇربانى…

دەرد - ھەسرەتتىن يۈرىكى ئېزىلگەن قېرى رەسسامنىڭ ئۈنى بوغۇلدى. نەچچە كۈن ئىچىدىلا قېرىلىق چىرماپ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى قۇم ئىچىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي تېمىدىن باشلىنىپ پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى ئايلاندۇرۇپ سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سېرىق، گۈل رەڭ، يېشىل، تۇم قارا… ئاللىقانداق مۇقەددەس بوياقلاردا سىزىلغان نەپىس تام رەسىملىرى قەدىمىي ئۇدۇننىڭ يىپەك - ئەتلەسلىرىدەك پۈتخانا تاملىرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەنە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق شەرق ئەللىرىدە ئۆلچەملىك ئىلاھ رەسىمى بولۇپ، داڭق قازانغان مائىترى بۇددىنىڭ رەسىمى. بۇددا ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇدۇن ئادىتىچە كىيىنىپ يەكتىزلىنىپ تۇرغان كىشىگە — شەرقنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى ئىمپېراتور قەنىشقا[1]غا ئىبادەتخانا بىنا قىلىشقا ئەمىر بېرىۋاتىدۇ. تۆۋىنىدە كۆسەن رەققاسلىرى قۇملۇق زېمىنگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىپ، قەدەم تەشرىپ قىلغان مائىترى بۇددىغا مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن مەدھىيە ئوقۇۋاتىدۇ… غايەت زور ئىبادەتخانا تاملىرىغا سىزىلغان 340 بۆلەك رەسىمنىڭ تۈنجىسى مۇشۇ ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يەردە، قوي يۈڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ سېغىز تۇپا بىلەن سىلىق سۇۋالغان مۇشۇ تام ئالدىدا، بۇنىڭدىن 27 يىل مۇقەددەم تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن! ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇزاق زاماندىن بېرى ئەنەتكەكتىن[2] تاكى چىننىڭ نېرىسىغىچە ئۆرنەك بولغائۇدۇن رەسسامچىلىقنىڭ ئەڭ

---

① قەنىشقا — قەدىمكى يەركەنت ۋە ئۇدۇندىن تارتىپ شىمالىي ھىندىستانغىچە بولغان كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى. مىلادىيە 100- يىلى كەشمىردە بۇددىستلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، تىبەت، جۇڭگو، ياپونىيىگىچە تارقىلىشىدا زور رول ئوينىغان.

② ئەنەتكەك — قەدىمكى ھىندىستان.

نەپىس نامايەندىلىرىنى ئىبادەتخانا ئېمىغا ئۆڭمەس بوياقلار بىلەن ئەبە-
دىيلىك پۈتۈۋېتىش كويىدا ئوت بولۇپ ياناتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈن-
دە27 يىللىق يۈرەك قېنى، جان - روھى سىڭگەن ئۆمۈرلۈك ئىجادى-
يەتلىرىنى قۇملۇق بوران بىردىنلا چوڭقۇر يەر ئېگىگە كۆمۈپ تاشلى-
سا- ھە؟ !

قېرى رەسسام ئىبادەتخانا ئېمىنى بويلاپ ئىلگىرى ئۆزى سىزغان
رەسىملىرىنى بىر - بىرلەپ تەمكىنلىك بىلەن كۆرۈپ چىقتى. ئەمدى
ۋاقىت يەتكەن — ئۆز ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك بىلىپ كەلگەن رەسىم-
لىرى — ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار — قەدىمىي ئەجدادلىرى ۋە ۋاپاسىز
ئىلاھلار بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ئىبادەتخانا ئېمىنىڭ چېتىگە كېلىپ تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا
قالدى. تام ئالدىدا رەسىم سىزىش جاھازلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە
رەڭلىرى تەڭشەپ تەييار قىلىنغان، تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن
بوياق قويۇلغانىدى. قېرى رەسسام بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا ئۇنى
ئىرادىسىگە قارشى ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ، كۆز ياشلىرى ئۈمۈ-
چۈك توردەك قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە
باشلىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخى رەسىم سىزىلمىغان بىر پارچە ئاق تام
تۇراتتى.

قېرى رەسسام يىغىدىن لاغىلداپ، بوشىشىپ، رەسىم جاھازلى-
رى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاھ! ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە تام رەسىم. 27 يىللىق ئازاب-
ئوقۇبەتلىك بۈيۈك ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاكارنامىسى. ئاشۇ
بىر پارچە ئاق تامغا 27 يىللىق ئۇلۇغۋار ئەمگەكنىڭ ئاخىرقى خۇلا-
سىسى سىزىلىشى كېرەك ئىدىغۇ! ؟ جىمى شەھەر خەلقى 300 يىللىق
مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى بۇددا رەسىملىرىنىڭ تەلتۆكۈس سىزىلىپ
پۈتكىنىگە ئاتاپ بۇت سەيرىسى①گە ئوخشاش كاتتا مەرىكە - مۇراسىم
ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىشى، بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ نادىر -بەۋھەر-

① بۇت سەيرىسى — بۇددىزم گۈللەنگەن قەدىمكى ئۇدۇندا تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان داغدۇغىلىق كاتتا دىنىي بايرام. بۇ توغرۇلۇق مىلادىيە V ئەسىردە غەربكە نوم ئالغىلى بارغان فاشيەن قاتارلىقلار ساياھەت خاتىرىسىگە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان.

لىرى جۇغلانغان كاتتا بۇ ساڭرام مەغرىب ـ مەشرىقنىڭ سەنئەت خەزىنىسى بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ، يارقىن نۇر چېچىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! قانداق قۇدرەتلىك كۈچ، قانداق ئىلاھىي تەقدىر ئەلمىساقتىن — ئادەم يارالمىشىدىن تارتىپ قۇملۇقتىكى خەلقلەرنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق ھېسابسىز مەشـ ئۇم قىسمەتلەرنى پۈتۈۋەتتى!؟ قانچە قېتىملاپ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەندە بىردىنلا ھالاك قىلىپ تاشلىدى. ئاھ! كۆكتىكى ھەممىگە قادىر تەڭرىلەر، نېمە ئۈچۈن، نېمە ۋەجدىن شۇنداق بولدى؟

قېرى رەسسام بىردىنلا شىددەت بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇشـ شاق — سارغۇچ قۇم دانچىلىرى ياشتىن ھۆللەنگەن ساقاللىرىغا چاپلىشىپ، قورقۇنچلۇق تۇس ئالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە ئىبا- دەتخانا مېھرابىدىكى بۇددا ھەيكەللىرىگە قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، سەۋدايىلارچە خىتاب قىلدى:

— ئاھ، يارانقۇچى بۇدساتۋا! مۇخلىسلىرىڭغا ئاتا قىلغان جەبىر- زۇلۇملۇق ئالىمىڭدە ئۇلار ئاپىرىدە قىلغان بۈيۈك سەنئەتكە ھۆكمىڭ شۇ بولسا، سېنىڭ ئىلاھىي ھەق ـ ئادالىتىڭگە نېمە دېگۈلۈك؟!

قېرى رەسسامنىڭ ئەسەبىي ئاۋازىدىن بۇتخانا ئىچى تىترىگەندەك بولۇپ، بىردىنلا ۋەھىملىك تۇس ئالدى.

شۇ چاغدا ساڭرام قورۇسىدا ئالتقانداق بىر نەرسە — دۇمباق مۇنارىسى بولسا كېرەك، بوران زەربىدىن گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ، ئىبادەتخانا ئىچى لەرزىگە كەلدى.

خېلىدىن كېيىن قېرى رەسسام بىلەن شاگىرتى ئىبادەتخانا ئىـ چىدىن ساڭرام سەيناسىغا چىقتى. ئۇلار يېپەكتىن ناھايىتى نېپىز قىلىپ ئىشلىگەن چۈمپەردىسىمان توقۇلما بىلەن يۈز ـ كۆزىنى مەھـ كەم ئورىۋالغانىدى (تەكلىماكاننىڭ بوران قۇترىغان قۇملۇقلىرىدا ئۇنىڭسىز يول يۈرۈش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇششاق ھەم ئوغا كەبى قۇم دانچىلىرى كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇن، ھەتتاكى قۇلاقلارغىچە

تۇشۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە كىشىنى ئەجەل قويىنىغا سۆرەپ كىرەتتى). كەڭ سەينا قۇم بىلەن تولغان بولۇپ، ساغرامنىڭ رەڭدار ئويما نەقىشلىك دەرۋازىسىمۇ غايىپ بولغانىدى. قۇم ئۈستىدە 100 يىللىق توغراق ياغاچلىرىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك دۈمباق مۇنارىسى قاپ بېلىدىن غۇلاپ، چېچىلىپ ياتاتتى. ئىبادەتخانا لەمپىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلانغان بىر جۈپ پەرغانە ئېتى ئىگىلىرىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئورنىدا چاپچىپ، كىشنەپ كەتتى.

قېرى رەسسام ئىبادەتخانا پەلەمپىيى ئۈستىدە توختاپ شەھەرگە سەپسالدى. ساغرام شەھەر مەركىزىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، پۈتكۈل شەھەرنى بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ تورلاشقان كۆزلىرىدە يېپەك توقۇلما سىرتىدىن توپان كەبى قۇم ئېقىنلىرى قۇتراۋاتقان بىپايان قۇم دېڭىزى نامايان بولدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، كۈرمىڭلىغان ئاھالىنىڭ ھايات بۇلىقى — بەختىيار ماكانى بولغان، مەغرىب - مەشرىقتىكى سەيياھ - سودىگەرلەرنىڭ، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قەدىمىي ئاۋات شەھەردىن بىر پارچە قۇملۇقلا قېپقالغانىدى. پەقەت سەپسېلىپ قارىغاندىلا قۇملۇق ئۈستىدە تېخى پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتمىگەن ھەددى - ھېسابسىز بۇددا مۇنارلىرى[1]نىڭ ئۈچىنى سۇس ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئەسىرلەردىن بېرى بۇ شەھەرنى يىراق دالا سەھرالىرىدىكى ۋەھشىي قوۋملارنىڭ تالان - تاراج، قىرغىنچىلىقلىرىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ كەلگەن مۇستەھكەم شەھەر سېپىلىدىنمۇ ئىزنا قالمىغانىدى.

قېرى رەسسام كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ خىرە تۇمان باسقان خاتىرىسىدە مۇشۇ شەھەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن 70 يىللىق رەسساملىق ھاياتى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پېشىۋالىرىدىن بولغان بوۋىسىنى، قۇملۇقتىكى بوستانلىق شەھەرلەردىن تا قەندىھارغىچە شۆھرەت قازانغان سەنئەتكار ئاتىسىنى

① بۇددا مۇنارلىرى — «ئۇ ئەلدە ئاھالىلەر زىچ ئىكەن. ھەممە ئاھالىلەر ئىشىك ئالدىغا كىچىك مۇنار سالغان بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ كېلىدىكەن».

ئەسلىدى. ئۇلار ئۈچ ئەۋلاد مۇشۇ شەھەرنىڭ ئېھرام - ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك يۈرەك قانلىرىنى — بۇددا سىزمىچىلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس نامايەندىلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى شەھەر بىلەن قوشۇلۇپ، چوڭقۇر قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ. قەدىمىي شەھەرنىڭ نامىمۇ تارىخىي پۈتۈكنامىلەردىن ئەبەدىيلىك ئۆچىدۇ...

قېرى رەسسام بىردىنلا سالماق، ئەمما كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن بېشىدىكى يىپەك توقۇلمىنى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. يىپەك رەخت قۇم بېغىرلاپ خېلى يەرگىچە ئۇچقاندىن كېيىن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ قۇملۇقتىكى سىرلىق روھلاردەك قۇم - بوران ئىچىدە غايىب بولدى. ئۆز بېشىغا چۈشكۈسى بەختسىزلىكنىڭ پاجىئەلىك بېشارىتىنى سەزگەن شاگىرت ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى.

— ئۇستاز؟!

— مەن بۇ ئەزىز دىيارىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

شاگىرت ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلدى. جۇدالىق ياشلىرى كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

— مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئۇستاز! بېشىمىزغا چۈشكەن كۈلپەت — جۇدالىق سىزسىزمۇ تارتقۇسىزدۇر. مەن ھەرگىزمۇ بۇ ھالاكەتلىك جايدىن بىر ئۆزىڭىزنى ئەجەل قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ كېتەلمەيمەن. مەن ئۆزۈم يالغۇز يايلاق ئاتنى يېتىلەپ، سىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خەلقىمىنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارىمەن. ئۇلار مەندىن: بىزنىڭ قەدىردان كىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلغان ھەم ئۇنى جاھان ئەھلىگە تونۇتۇپ، پارلاق نۇر چاچقۇزغان ئۇلۇغ رەسساممىز قېنى؟ ئەجەبا، سەن ئۇنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك شاگىرتى تۇرۇپ، شىددەتلىك جەڭ مەيدانىدا ئاتىسىنى تاشلاپ قاچقان ئارسىز قاچقۇن جەڭچى كەبى ئۇستازسىز قانداق قايتىپ كەلدىڭ؟ بىز ئەمدى ئۇنىڭسىز يېڭى شەھىرىمىزنى قانداق

قۇرىمىز؟ ئېھرام - ئىبادەتخانىلىرىمىزنى قانداق بەرپا قىلىمىز! ؟ دەپ سورىسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن.

قېرى رەسسامنىڭ بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا قاپلاشتى. ھاياتلىق ئالىمىدە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئىز باسارى بولغان سادىق شاگىرتىنى يۆلەپ - قوپۇرۇپ باغرىغا چىڭ باستى.

— مەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن سەندىكى سەنئەتكارلارغا خاس تالانت - ئىدراكنى بايقىغاندىن تارتىپ، ساڭا رەسساملىقنىڭ ھەممە سىر - ماھارەتلىرىنى يوشۇرماي ئۆگەتكەنىدىم. سەن يۈزلىگەن شاگىرتلىرىم ئىچىدىكى بىردىنبىر رەسساملىق كامالىتىگە ئېرىشكەن كىشى — ھازىردىن باشلاپ سەن ھەقىقىي بىر رەسسام. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆڭلۈم ئەمىنكى، ئۆلۈم ئالدىدا خەلقىمگە ھېچقانداق ۋىجدا-نىي قەرزگە بوغۇلمىدىم. ئۇلارنىڭ كېيىنكى سەرسان - مۇشەققەتلىك ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغان ئىز باسارىمنى قالدۇرۇپ كەتتىم. سەن بېرىپ خەلقىمگە ئېيت. مېنىڭ — ئاللىبۇرۇنلا ئەجەل سايە تاشلىغان قېرى سەنئەتكارنىڭ قىسمىتى قەدىمدىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن مۇشۇ شەھەرنىڭ تەقدى-رى بىلەن مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن. مەن ھەممىنى تاشلاپ، خەلقىم-نىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغان ھالەتتىمۇ روھىم مۇشۇ شەھەر بىلەن بىللە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. يېڭى ماكاندا ئۇزاققا قالماي خەلقىمنىڭ بېشىغا يېڭى قايغۇنى سېلىپ، دەرد -ئەلەمدىن ئۆلۈپ كېتىمەن. تەڭرىلەرنىڭ ھۆكمى شۇ بولغانىكەن، قۇم- بوران مېنى مۇشۇ يەرگە — ئىبادەتخانا ئىچىگە دەپنە قىلسۇن، بەلكى پەلەك چۆرگىلەپ يېڭى بىر ئىلاھىي قۇدرەت قەدىم بىر ئىنساننىڭ 27 يىللىق يۈرەك قېنىنى، قۇملۇق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مىڭ يىللاردىن كېيىن بىردىنلا جاھانغا نامايان قىلسا، كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى تام رەسىمى ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە رەسىم قەلىمى-نى تاشلىمىغان قېرى رەسسامنىڭ قۇرۇپ مومىياغا ئايلانغان جەسىتى-نى كۆرەر. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئادەملەرنىڭ ئۇرۇقى

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا، مەن ئۇچۇن شۇ كۇپايە.

شاگىرت ھۆركىرەپ يىغلاپ، يەرگە تىزلىنىپ توققۇز قېتىم باش ئۇردى. قەدىردان ئۇستازى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئەجەل پۇرىقىنى سېزىپ ئەسەبىيلەشكەن ئاتلار شاگىرتنى ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قۇم بوران ئىچىدە غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە نالە - زار قىلىپ ئېيتقان ئاخىرقى ۋىدالىق سۆزلىرىنى بوران يۇتۇپ كەتتى.

قېرى رەسسام، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا پىچىرلىدى:

— ئەلۋىدا خەلقىم، تىلىكىڭلارنى يەردە قويغان بەختسىز رەسسامىڭلارنى كەچۈرۈڭلار!

ئۇ خېلىغىچە شاگىرتىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. رەسىملىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى سىزىلىشى كېرەك بولغان ئاق تام ئالدىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، قولىغا يوڭ قەلەمنى ئېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

شۇ چاغ — بۇنىڭدىن 1500 يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان قويندىدىكى بۇتخانا سىرتىدا بوران تېخىمۇ دەھشەتلىك گۇركىرەپ، قۇم ئېقىنلىرى كۇنگۇرىلەردىن ئىبادەتخانا ئىچىگە شىددەت بىلەن ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

1997- يىل 3- ئاي، ئۈرۈمچى

# بالا ۋە ئۇنىڭ تورۇق ئېتى

بالا تورۇق ئېتىغا مىنىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەتتى.

*　　*　　*

بىپايان دەشت - دالىنىڭ ئەركىسى — ئۇچقۇر شامالدۇر.
سەن — ئۇچقۇر شامال ئىدىڭ.

تەڭرىنىڭ كۆكسى دەرد - پىغانغا توشقاندا، كۆكتە يېشىل چېقىن چېقىلىدۇ. سەن — يېشىل چېقىن ئىدىڭ.

دالىنىڭ ئەرك قۇشى — ئاۋۇل - تۇراقى يوق، كۆمۈش ساقاللىق ئاقىنلار بۇ ئالەملىك مۇلكى — چىرايلىق دۇمبۇراسىنى سىيرىپ - سىيرىپ سازلاپ، ئاتلار ئار ئۇچۇن قان تۆككەن جەڭگاھلاردا داڭق قازانغان ۋاپادار، ئۇچقۇر ئاتنى ئەنە شۇنداق مەدھىيىلەشتى.

ئاۋۇلدىكى يېشى 100 گە ئۇلاشقان چاللارنىڭ ئېيتىشىچە، تورۇق ئات — ئاقىنلار قوشاقلىرىدا سۆزلىگەن ئاشۇ قەدىمىي، ئېسىل نەسلىنىڭ بىباھا ئۇرۇقى ئىدى.

بالا تورۇق ئېتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئالەمدە تورۇق ئاتتىنمۇ ئارتۇق بايلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ بالىلىق جىمى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، شېرىن چۈشلىرىنى تورۇق ئېتى بىلەن باغلايتتى. تورۇق ئاتمۇ بىر قەدەم نېرى بولمايتتى. بالىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى.

بالا ۋە تورۇق ئات — ئۇلار گويا كى يارالمىشتىن تەقدىرى تەڭ پۈتۈلگەن ئىمىلداش ئىدى.

— ئاتاڭ يوق!

— مىلىڭ يوق!

— قوتان تۈگۈل يامغۇر - يېشىندىن پاناھلانغۇدەك چېدىرىڭمۇ يوق!

يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭدىن تورۇق ئىتنى تارتىۋالماقچى بولاتتى. تالاي - تالاي «ياخشى سۆزلەر» كار قىلمىغاندا، بالىغا ئەنە شۇنداق ئاچچىق تەنە قىلاتتى.

ئاخىر ئۇلار تورۇق ئات ئۇچۇن قورۇ - قورۇ ماللارنى ئۆتمىتۆ-شۈك بولۇپ كەتكەن كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى يوقسۇزلۇقنىڭ خورلۇقلىرىدىن يەتكۈچە ئېزىلگەن دەردمەن ئانا يۈزىنى ئېتىپ، ئەلەملىك يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقىسى بالا ئۇچۇنمۇ بەرىبىر ئىدى. لېكىن، ئانىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بالا كىگىز ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ سەبىي قەلبىدىكى ئوغۇللۇق بۇرچىنىڭ ئاچچىق قامچىلاشلىرىنى ئە-چىگە سىڭىرىپ ۋارقىرىدى:

— يوقىلىش! كېتىش خۇمپەرلەر! ئىتىمنى ھېچكىمگە بەرمەي-مەن! ئۇ تورۇق ئىتىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ چوڭ كىشىلەردەك پىغانلىق يىغلاپ كەتتى. ياق، ياق! تورۇق ئاتنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن تارتىۋالالمايدۇ، بېشىغا ھەرقانچە كۈلپەتلەر ياغسىمۇ ھېچكىمگە بەر-مەيدۇ، تورۇق ئاتسىز بالا قانداقمۇ ئاتىسىنىڭ ئوغلى بولسۇن.

بالا ئاتىسىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيتتى. پۈتكۈل ئاۋۇل ئالىلقانداق ھاياجاندىن تەۋرىگەن بىر ئاخشىمى ئانىسىغا ئەگىشىپ، قانداق تەمتى-لەپ مېڭىپ كىگىز ئۆيدىن چىققانلىقلىرىنى... خۇددى بىر چۈشتەك غۇۋا ھېس قىلاتتى. تورۇق ئاتقا مىنىپ، ئۇۋ مىلتىقىنى ئېسىۋالغان ئاتىسى توختىماي ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئانىسىغا ئۇزاققىچە

بىرنېمىلەرنى دېگەنىدى، ئاندىن ئاتتىن ئېڭىشىپ بالىنى ئېگەرنىڭ
ئۈستىگە ئالدى، چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن بىر دەقىقە قارىۋالغاندىن
كېيىن ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

شۇ ئاخشىمى بالىنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا
قالدۇرۇپ، يىراقتا چارسىلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەللەرنى كۆتۈرۈۋې-
لىشقان ئاتلىق ئالىمانغا قاراپ چېپىپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، ئاتا
شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. پەقەت شۇنىڭدىن خېلى كۈنلەر ئۆت-
كەندىن كېيىن ئورۇقلاپ، بوينى ئۈزىرىپ كەتكەن تورۇق ئات ئۆزى
يالغۇز كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

* * *

بالىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئاداققى پۈتمىش ئاۋۇللار قايتى-
دىن تەۋرەشكە باشلىغان، تاغلارنىڭ نېرىسىدا جېنى تۈمشۇقىغا كې-
لىپ غالجىرلاشقان دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربىلەر بېرىلىۋاتقان، بالا
خۇددى باتۇر ئاتىسىدەك تورۇق ئېتىغا مىنىپ، يەلكىسىگە مىلتىق
ئېسىپ ياۋنى يوقىتىش ئىستىكىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز
بەردى.

شۇ كۈنى قۇياش تاغلار كەينىگە ئۆتۈپ، چوققىلاردىكى قارىغاي-
لاردا ئالتۇن نۇرلىرىنى جۇلالىتىۋاتقان چاغ ئىدى. بالا تاغنىڭ تەس-
كەي تەرىپىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغ سۈيىدە
تورۇق ئېتىنى يۇيۇۋاتاتتى. بالا ئۆز ئىشىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن
بېرىلىپ كەتكەچكە ھېچ نەرسىنى سەزمەي قالدى. بىردىنلا خۇددى
يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان دۆڭنىڭ
ئۈستىدە بىر توپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار-
نىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك پۇت - قوللىرىنى ئاق لاتىدا تېڭىۋالغان
يارىدارلار ئىدى.

بالا گومىنداڭچىلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلاتتى.

ئۇنىڭ سەببي قەلبىدە ئۇلار ئادەم ئەمەس، بەلكى چۆچەكلەردە ئېيتىلـ-غاندەك بىر توپ ۋەھشىي، قانخور مەخلۇقلار ئىدى. بالا بىرنەچچە دەقىقــە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىيۇ، ھايال ئۆتمەي ئېسىنــى يىغىپ تاغ بالىلىرىغا خاس چاققانلــىــق بىلەن ئېتىغا ئىرغىپ مىنىپ تاغ ئىچد-گە — ئاۋۇل تەرەپكە قاراپ قاچتى. لېكىن، ئانچە ئۇزاققا بارمايلا سۇدا ھۆللىنىپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن ئاتنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. تورۇق ئات دەررۇلا چېپىشتىن توختىدى. بالا ھەممە ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاقساقلىغان پېتى ئاتقا قاراپ يۈگۈر-گەچ ۋارقىرىدى:

— قاچ! چاپسان قېچىپ كەت. ئاۋۇلغا... ئاۋۇلغا قاراپ چاپ!

ئەپسۇسكى، بولار ئىش بولغان، ۋاقىت ئۆتكەندى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىقلىرى ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلاردىن تۆت - بەشى خېلىلا ھەپىلىشىپ تورۇق ئاتنى باغلىۋېلىپ يۈگەنلىدى، ئاندىن ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن پېتى بالىنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ رەھىمسىزلىك بىلەن باش - كۆزىگە تارسىلدىتىپ قامچا ياغدۇردى.

— ئاناڭنى!... ئىتنىڭ كۈچۈكى، نەگە قاچاتتىڭ!؟

ئۇلار بالا ۋە تورۇق ئاتنى دۆڭنىڭ ئۇستىگە — گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ چىقىشتى. ئوفىتسېرنىڭ ئۇيقۇسىز-لىقتىن خۇنۇكلىشىپ، قان تولغان قىسىق كۆزلىرى تورۇق ئاتقا چۈشۈشى بىلەن بىردىنلا چوڭ ئېچىلىپ چاقناپ كەتتى. تورۇق ئاتنى ئايلانغاچ ھەۋەسلىنىپ تىللىرىنى چاكىلداتتى، ئاندىن بىرنېمىلەرنى كالدىرلاپ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ھەش - پەش دېگۈچە تورۇق ئات ئېگەرلىنىپ بولدى.

بالا ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ جىمجىت قاراپ تۇردى. ئۇ شۇنداق بولارنى ئالدىبۇرۇنلا پەملىگەنىدى.

— قېنى، مىنىپ كۆرسۇن، ئىبلىس، تورۇق ئات سەندەكلەر ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىڭنى بېرىپ قويىدۇ!

گومىنداڭ ئوفىتسېرى تورۇق ئاتقا مىندى. ئەسكەرلەر چىڭ

قاماللىشىپ تۇتۇۋالغان يۇگەننى قويۇپ بېرىشى بىلەنلا، ئوفىتسېرـ مۇ، ئەسكەرلەرمۇ قانداق بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدى. تورۇق ئات ئوفىتسېرنى هاۋادا چاقماق كەبى كۆكلىتىپ يەرگە ئۇردى. ئوفىتسېر قىرلىق شېغىل تاشلار ئۈستىدە يۇمۇلىنىپ، ۋايجانلاپ كەتتى. ئەسـ كەرلەر تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ، چاپچىپ، ئۈركۈپ تۇرغان تورۇق ئاتقا يېپىشتى. گومىنداڭ ئوفىتسېرى خېلىدىن كېـ يىن ئىنجىقلاپ، غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان ئەسكەرنى زەردە بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. خۇددى مەست ئادەملەردەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ تورۇق ئاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىردىنلا قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئالدى، قىلىچنىڭ كۆكۈچ بىسى هاۋادا يالت - يۇلت چاقناپ كەتتى. تورۇق ئاتقا چىڭ يېپىشىپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئاتنى تاشلاپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئاران ئۈلـ گۈردى. ئېغىر، ئۆتكۈر قىلىچ زەرب بىلەن تورۇق ئاتنىڭ ئالدى پۇتىغا چېپىلدى. جىلغا ئىچى ئاتنىڭ ئاچچىق كىشنىشى بىلەن بالىـ نىڭ ئىنچىكە، ئەلەملىك نىداسىدىن تىترەپ كەتتى. قىلىچ تورۇق ئاتنىڭ پۇتىغا ئەمەس گوياكى، بالىنىڭ يۈرىكىگە چېپىلغانىدى. تورۇق ئات چاپچىپ كۆككە بىر ئۆرلىدى - دە، دۆڭدىن دومىلىغان پېتى پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئەسەبىيلەشكەن ئوفىتسېر قىلىچنى تاشلىۋېتىپ، يېنىدىن تاپانچىسىنى ئالدى. تاپانچا پەسكە — دۆڭنىڭ ئايىغىدىكى تاغ ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ كەتكەن ئازگال ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان تورۇق ئاتقا توغرىلاندى. شۇ چاغ دەهشەتتىن ئەسلىي - هوشىنى يوقاتقان بالا بىردىنلا ئوفىتسېرغا ئېتىلدى.

— ياق، ئاتما! ئاھ!... مېنىڭ تورۇق ئېتىم!

ئاڭغۇچە ئەسكەرلەر ئېتىلىپ كېلىشىپ بالىنى قامچىلاپ، ئۇـ رۇپ تېپىپ يەرگە يىقىتىشتى. ئوفىتسېر بىردىنلا تاپانچىسىنى يىـ غىشتۇرۇۋالدى.

قېپقىغا سالغۇچە قوللىرى ئەسەبىي تىترەپ كەتتى.

— ئۇ سېنىڭ تورۇق ئېتىڭمۇ - ھە! ئاناڭنى... هارام سۈيدۈك.

مەن سېنىڭ ...— ئوفىتسېر ئەسكەرلىرىگە بىرنېمىدەپ ۋارقىرىدى. شۇ زامات ئەسكەرلەردىن بىرى ئۇنىڭ قولىغا بىر گراناتنى تۇتقۇزۇپ قويدى، — مەن سېنىڭ جىن ئۇرغان تورۇق ئېتىڭنى پارتلىتىپ پارە-پارە قىلىۋېتىمەن!

ئوفىتسېر گراناتنىڭ يىپىنى تارتىۋەتتى. غولىچىنى كېرىپ ئېتىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ دەقىقە ھېچكىم ئويلىمىغان بىر ئىش چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەردى. بالا غەزەپلەنگەن بۆرە، ئارسلان كەبى ئوفىتسېرغا تاشلاندى. ئۇنى ئەسكەرلەرمۇ توسۇپ قالالمىدى. بالا ئوفىتسېرنىڭ گرانات كۆتۈرگەن قولىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن مەھكەم يېپىشتى. ئوفىتسېر جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپمۇ بالىدىن قولىنى ئاج-رىتالمىدى. گراناتنىڭ پىلىكى جىزىلداپ، ئۈچقۇن چاچرىتىپ شىد-دەت بىلەن كۆيمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى...

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تاشلاپ، تۆت ئەتراپقا پىتىراپ قاچتى.

قۇلاق - مېڭىنى يارغۇدەك گۈمبۈرلىگەن ئېغىر سادا تاغۇتاش، يەر - زېمىننى تىترىتىۋەتتى.

بۇ — قۇياش تاغلار كەينىگە ئۆتۈپ، چوققىلاردىكى قارىغايلاردا ئالتۇن نۇرلىرىنى جۇلالىتىۋاتقان چاغ ئىدى.

1998- يىل 1- ئاي

# ئاتا، سىزكىم؟

ئاتام مېنى ئەبەدىي — ھەر ئىككىلى ئالەمدە كەچۈرمەيدۇ.

مەن بۇ ئالەمدىكى ئاتا قارغىشىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان ئوغۇل. بىراق، مەن بۇنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن.

ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ ئىچكەركى ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالماقچى ئىدىم. قولۇمنى تۇتقۇچقا ئۇزىتىشىم بىلەن تەڭلا قېرىشقاندەك ئاللىقانداق بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ، ئۆي ئىچىگە بىراقلا ئۇسۇپ كىرىپ كەتتىم. ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ تامغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى - دە، خۇددى مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك خېلى ئۇزاققىچە غىچىلداپ نەغمە قىلىپ توختىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاتام نەپسىنى رۇسلاپ تىل سالغۇچە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، باش - كۆزۈمنى چىڭ پۈركەپ يېتىۋالساملا ئىش پۈتەتتى. ئەسلىدىكى ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى راۋۇرۇس ئادا قىلالمىغاندىكىن، بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە بولسىمۇ بۇنداق قىلمىسام بولاتتى. لېكىن، ھاياتىمدا بۈگۈنكىدەك ئۈمىدسىزلىك، ئەلەم ھەم غېرىبلىق باسقىنىنى، ھاراققا بۈگۈنكىدەك شۇنچىۋالا تەشنا بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بولغۇلۇق بولدى. ئىشىك جالاقلاپ ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ كەتتى. كۈچلۈك چىراغ نۇرىدىن كۆزلىرىم قامىشىپ كۆزۈمنى بىرنەچچە دەقىقە ئاچالماي قالدىم. مەشتە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى يۈزۈمگە گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئېلى-

شىپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي بوسۇغىدا سەندىرەكلەپ تۇرۇپ قالدىم. ئاتام بىر پۇتىدا مەسە، بىر پۇتى يالاڭ ئاياغ هالدا پەگاھتا ئۆرە تۇراتتى. يەنە بىر پاي مەسىسىنى قولىدا چىڭ مىجىقلاپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، قەهر - غەزەپتىن ساقاللىرى دىرىلدەپ تىترەيتـ تى. مېهمانلارنىڭ ئايىغى هېلىراقتا ئۈزىغان بولسا كېرەك، بىچارە ئانام يىغىشتۇرۇلغان داستىخاننى مەيدىسىگە چىڭ باسقان پېتى روهى چىقىپ كەتكەندەك ئورنىدا قېتىپ قالغانىدى. ئاتام هەرقاچان، هەرـ قانداق دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالاتتى. تاك ئېتىپ چەكمەيتىيۇ، قورقۇـ تۇپ جېنىنى ئېلىپ يەردە قوياتتى. بىردىنلا ئانامنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ قولىدىكى داستىخان چۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشتى. ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى چىڭ بېسىپ تۇتۇۋالدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى پات - پات قوزغىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ مەستلىكىم بىراقلا يېشىلىپ كەتكەندەك بولدى.

— ياق… قورقماڭ ئانا! هېچ… هېچ ۋەقەسى يوق! مەلئۇن ئالۋاستى ئەمەسقۇ مەن؟

مەن ئىتتىك بېرىپ ئانامنى يۆلىدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئىتتىرـ ۋېتىپ، ئىچكەركى ئۆينى شەرەتلەپ مىڭ تەسلىكتە دېدى:

— كىرىپ كەت!

تۇرۇۋەرسەم ئانامغىمۇ هەم ماڭىمۇ پايدىسىز ئىدى. دەلدەڭشىـ گەن پېتىم ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

— ئادەممۇ، هايۋانمۇ سەن! ؟

ئاتامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئۆي ئىچىدە گۈمبۈرلەپ كەتتى. بوسۇغىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن پۇتۇم هاۋادىلا قېتىپ قالدى. مەنمۇ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم، مەن كىم؟

— هۇ، لەقۋا!

ئاتام هەددىدىن زىيادە ئاچچىقلانغاندا ئەنە شۇنداق تىللايدىغان ئادىتى بار ئىدى.

مەن كىم! ؟

مەن پۈتۈمنى بوسۇغىدىن تارتىۋېلىپ كەينىمگە ياندىم، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئاتامنىڭ تىللاشلىرى ئىچ - ئىچىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم.

مەن كىم؟ مەن كىم؟! مەن كىم؟!

مەن پۈتۈمنى بوسۇغىدىن تارتىۋېلىپ ئاستا كەينىمگە ياندىم. ئەپتىم قورقۇنچلۇق بىر تۈستە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئانام بىر قاراپلا قورقۇپ كەتتى. چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

بوغۇزۇمغا ئىختىيارسىز ئاچچىق ھەم نەپرەتلىك بىر يىغا قاپلاش- قاندەك بولدى.

— يۈرىكىمنى بۇنداق ئەزمەڭ، ئانا. ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى سىزنى ئاياپ ھەممە غەزەپ ۋە زارىمنى ئىچىمگە يۇتۇش بىلەن ئۆتكۈز- دۈم. بۈگۈن، پەقەت بۈگۈن بىر ئاخشاملىق بولسىمۇ ئوغلىڭىزنى خۇددى ئۆزىڭىزدەك قۇللارچە سۈكۈتكە زورلىماڭ!

شۇ پەيت ئاتام ماڭا تىل سېلىپ ۋارقىرىماقتا ئەمسىلىۋىدى، شارتلا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدىم. ئاتام ئەلپازىمغا قاراپ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— خوش، ئاتا، تا مۇشۇ كەمگىچە مەن سىزگە يېنىپ باققان ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ بۈگۈنمۇ ھەم ئۆيدە غوۋغا چىقارماقچى ئەمەسمەن. ئۈمىدىم — سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ. ھەر ئىككىمىز بۈگۈن ئاخشام چىرايلىقچە، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى. مەن كىم؟ ئادەممۇ ياكى ھايۋانمۇ؟ سىزنىڭ بۇ سوئالنى ماڭا نەچچە قېتىم قويغانلىقىڭىزنى ئەسلەپ بولالمايمەن. سىزنىڭ بۇ «چىرايلىق سۆزد- ڭىز» توغرۇلۇق تولا ئويلىنىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. مەن زادى كىم؟ ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟ ياكى ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ جىمى خۇلقىنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئاجايىپ مەخلۇقمۇ؟ مەن بۇلارنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىلەلمىدىم. بىلىدىغىنىم پەقەت مەن—سىزنىڭ ئوغلىڭىز— ئىز باسار ئوغلىڭىز! شائىرلار، ناخشىچىلار شۇنداق كۈيلىشىدىغۇ؟

دېمەك، مەن سىزنىڭ ئىز باسارىڭىز، ئۇنداقتا سىزچۇ، سىز كىم؟
ئەمدى مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئاجايىپ هايات مۇساپىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي ئاتا. سىز توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز. ياق، ياق ئاتا، گېپىمنى بۆلمەڭ! سەت بولمىسۇن دېسىڭىز ئۆزىڭىزنى بېسىپ، ئېيتقانلىرىمنى تىنچقىنا ئاڭلاپ تۇرۇڭ. مېنىڭ سىز توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز. چۈنكى، ئانام سىز توغرۇ-لۇق زىنهار سۆزلەپ بەرمەيتتى. سىز ئەسلا شۇنداق ئىدىڭىز. پەقەت رەھمەتلىك بوۋاملا ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ قوياتتى. سىزنىڭ باسقان ئۆمۈر مۇساپىڭىزنى سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان دراما - كومېدىيىلەرگە بەكلا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

## 1- كۆرۈنۈش

سىز يۇرتىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام ئېتىپ كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىڭىز. سىز بوۋامنىڭ يالغۇز ئوغلى — جەمەتىمىزنىڭ تۈتىياسى ئىدىڭىز. بوۋام ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋام ئەتمەك — ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماق بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى بار - يوقنى جان - دىلى بىلەن سىزگە بەخش ئەتتى. سىزمۇ بوۋامنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىدىڭىز. ياشلىق دەۋرىڭىزگە قەدەم قويماي تۇرۇپلا ئىسلامىيەت شەرئىتىنىڭ ئىلمىي ئەركانىنى مۇپەسسەل دېگۈدەك ئىگىلەپ بولدىڭىز. «بالا قارىي» دېگەن نامىڭىز يۇرت ئەھلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاغزىدا خۇدانىڭ بىر مۆجىزاتىدەك ئۇلۇغلىنىپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. كىچىك چېغىم-دا بوۋام ماڭا كىشىلەرنىڭ خېلىلا يىراق يەرلەردىن سىزنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىڭىزنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتكە كېلى-دىغانلىقىنى، مەسچىتتىن چىقىشىڭىز بىلەنلا ئەتراپىڭىزغا گۇررىدە ئولىشىپ تاۋاپ قىلغاندەك قولىڭىزنىڭ ئالىقانلىرىغا سۆيۈپ كېتىدى-غانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋام بۇلارنى كېيىنچە ئۆمرىنىڭ ئا-خىرقى ۋاقىتلىرىدا، پەقەت سىز يوق چاغدىلا خۇددى سىز غايىبتىن

ئاڭلىۋالىدىغاندەك قورقۇمسىراپ، پىچىرلاپ سۆزلەپ بېرەتتى. ھەر قېتىم گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا بۇقۇلداپ، ھەسرەتلىك يىغلاپ كېتەتتى. كۆز ياشلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ھېسابسىز قورۇق باسقان ئورۇق يۈزىنى، ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. گەرچە مەن شۇ چاغلاردا خېلىلا گۆدەك بولساممۇ، بوۋامنىڭ شۇ ھالىتى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

## 2- كۆرۈنۈش

جاھان گوياكى ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان، خەلق ئىگىسىز قالغان بىر توپ قوي پادىسىدەك مىڭ بىر ھىيلە - مىكىرلەرگە چىرمىلىپ، ئۆز يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ زۇلۇم ۋە جان قايغۇسى ئىچىدە ئېچىنىشلىق تېپىرلىماقتا. سىزنىڭ بېشىڭىزدا سېرىق شەپكە، ئۇچىڭىزدا كانىيىڭىزغىچە ئىزمىلىنىدىغان سېرىق چاپان، سېرىق ئىشتان، ئۇلۇڭ قولىڭىزنى بېلىڭىزدىكى يوغان تاپانچىغا تىرەپ ھەيۋەت بىلەن تۇرىسىز. كەينىڭىزدە سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان قىزىل كالتەكلىك بىر توپ پىدائىيلار ھەرقاچان بۇيرۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئۇلارغا مۇنداقلا بىر شەرەت قىلسىڭىز، ھەممىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىشكە تەييار. چۈنكى، سىز ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابچى، دىنىي خۇراپاتلىققا، خەلقنى زەھەرلىگۈچى كونىلىققا، ئاتالمىش ۋەتەن ساتقۇچلۇققا رەھىمسىزلىك بىلەن ئەجەللىك ئوت ئاچقۇچى باتۇر جەڭچىسىز. سىز ئۇلۇغ ئىنقىلابقا ساداقەتمەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشنى ئۆز ئائىلىڭىزدىن باشلىدىڭىز. بوۋامنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى قىرقىپ تاشلاتقۇزدىڭىز. ئۆيىمىزدىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ گۆھەردەك ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك قولىيازمىلارنى، ھەممە مۇقەددەس كىتابلارنى يوغان بىر تاغارغا قاچىلاپ قولچوماقچىلىرىڭىزغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئاچىقىپ كەتتىڭىز. شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئۆيگە ھەپتە - ھەپتىلەپ كىرمەيدىغان بولدىڭىز. ئۆيگە ئاندا - ساندا قايتىپ كەلگەندە، ھەيۋەتلىك تۇرقى-

ڭىزغا قاراپ گۆدەك قەلبىمدە سىزگە ھەۋەسلىنىپ كېتەتتىم. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش كىيىنىپ، بېلىمگە چاپراس تاپانچا ئېسىپ، قىزىل كالتەك كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەملەرنى كەينىمگە ئەگەشتۈرۈپ كوچى-دا مېڭىپ باقسام دەپ ئويلايتتىم. ئېيتىڭە ئاتا، سىز شۇ چاغلاردا ھەربىر چېقىپ كەتكىنىڭىزدە قانچىلىغان مازار - ماشايىخلارنى، مەسچىتلەرنى ئۆرۈپ چاقاتتىڭىز؟ قانچىلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلاتتىڭىز؟ ئۆز ۋاقتىدا ئالقىنىڭىزغا سۆيگەنلەرنىڭ قانچىلىرىنىڭ ئاغزىنى قان قىلاتتىڭىز؟ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى زىندانغا تاشلاپ، قانچىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىڭىز؟

— ئاغزىڭنى يۇم!

— ئاغزىڭنى يۇم!

ئاۋازىم ئاتامنىڭ ئەكس ساداسىدەك ئۆي ئىچىدە تېخىمۇ بەك جاراڭلاپ كەتتى. ھەر ئىككىمىز غەزەپتىن لاغىلداپ تىترىشىپ بىر-بىرىمىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قادىلىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئانام داستىخان بىلەن يۈزىنى پۈركەپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

## 3- كۆرۈنۈش

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كومېدىيىلىك ھەم نەپرەتلىك بىر دەۋر ئاياغلاشتى. ئادەملەر زېمىنغا، ئەجدادلىرىغا ۋە بىر - بىرلىرىگە قىلغان تۈزكورلۇقلىرىنى مەڭگۇ نومۇس بىلىپ ئۇنتۇماسلىقى كې-رەك. لېكىن، سىز ئاتا، ئۇنتۇپ كەتتىڭىز. 10 يىللىق قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزنى ئاشۇ كىچىككىنە، پىنھان زېمىنغا دەپنە قىلىۋې-تىپ، پۈتۈن بىر ئائىلىڭىز بىلەن يىراق بىر ناھىيىگە كۆچۈپ كەلدىڭىز. سىز ئەسلىدىنلا ئەقىللىق ئادەم ئىدىڭىز. ھەش - پەش دېگۈچە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىڭىز. دەسلىپىدىلا خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدىڭىز. شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇزاققا بارماي مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلدىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆيدە تېخىمۇ بەك ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. پات-

پات قولتۇقىڭىزغا بىر نەرسىلەرنى قىستۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتىڭىز. سىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى مەنمۇ، ئاناممۇ بىلەلمەيتتۇق. سوراشقا تېخىمۇ پېتىنالمايتتۇق. شۇنداق بىرنەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولۇپ قالدىڭىز. شۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تۇغۇلدى. خۇددى بۇرۇنقىدەك بىر ئىمزا بىلەنلا ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى خالىغانچە ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتەلەيدىغان بولدىڭىز.

## 4- كۆرۈنۈش

سىز شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقتىڭىز. ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا «ئۆزىنى بېغىشلاپ، زور ھەسسە قوشقان» لىقىڭىز ئۈچۈن تەقدىرنامىلەر بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي سىز ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، پارتىيە كىنىشكىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ كومىتېتقا پارتىيىدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلدىڭىز، ئاندىن بىر كۈنى ئەتىگىنى سىز ئوتقاشتەك بىر پارچە يۇڭ گىلەمنى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىڭىز ( ماڭا بەئەينى كۆھقاپتەك بىلىنىدىغان، ئاچقۇچىنى يېنىڭىزدىن ئايرىمايدىغان ئاشۇ قاراڭغۇ قازناق ئۆيىمىزدە قانچىلىغان يۇڭ گىلەملەرنىڭ بېسىلىپ ياتقىنى خۇدا ۋە سىزگىلا مەلۇم). شۇ سەھەر ئاتا، شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى قەدەم باسمىغان بىر يەرگە، خۇدانىڭ ئۆيىگە — مەسچىتكە باردىڭىز! سېخىيلىق بىلەن پۇل چىقىرىپ مەسچىتنى بىرەر قۇر رېمونت قىلدۇرۇپ چىقتىڭىز. شۇنىڭدىن باشلاپ مەسچىتتىن بېرى كېلەلمەيدىغان بولدىڭىز. ئىلگىرىكى مۇڭلۇق ئاۋازىڭىز ھېلىمۇ بۇزۇلمىغانىكەن. ھەر قېتىم خەتمىقۇرئان قىلىسىڭىز ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ دىللىرى ئېرىلىپ كۆز يېشى قىلىشىدىغان بولدى. ھەيھات! يەر يۈزىدىكى بۇ ئالىقانچىلىك زېمىنىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا خۇدا ھېلىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرىدىكەن. سىز ئۇزاق ئۆتمەيلا مەسچىتنىڭ مەزىنى، شۇنداقلا قېرى ئىمام ئاخۇنۇمدىن قالسىلا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم

بولۇپ قالدىڭىز. ئاتا، گاھى سىز ئۆزىڭىزگە ياراشقان چىرايلىق ساقىلىڭىز، يوغان قارا تونىڭىز، ئاپئاق سەللىڭىز بىلەن بىر توپ ئىخلاسمەن جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆتسىڭىز، گۆدەك چېغىمدىكى بېشىڭىزغا سېرىق شەپكە، گېلىڭىزغىچە ئىزمىلىنىدىغان سېرىق چاپان، سېرىق ئىشتان كىيىپ، بېلىڭىزگە يوغان تاپانچا ئېسىپ، كەينىڭىزدىن قىزىل كالتەكلىك بىر توپ ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھالىتىڭىزگە بەكلا ئوخشاپ كېتىسىز.

مانا بۇ — سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىز ئاتا.

ياق، ھايات مۇساپىڭىزنىڭ بىر قىسمىدۇر تېخى. بەلكى، كۆللى جاھان چۆرگىلەپ شۇنداق بىر كۈنلەر كەلسە، سىز بۇتخانىغا كىرىپ لاي ئىلاھلارغا باش ئۇرامسىز، چېركاۋلارغا بېرىپ مەيدىڭىزگە كرېست سىزامسىز، بىرنېمە دېمەك تەس.

سىز بىر ئۆمۈر ھەر يوللار بىلەن بايلىق توپلىغانىدىڭىز ئاتا. لېكىن، بىر تىيىن ئۈچۈنمۇ خەسسىلىك قىلاتتىڭىز. بۇ زېمىننىڭ كەمبەغەل خەلقلىرى، ئوقۇشسىز بالىلىرى، تىلەمچى، يالىڭاچ بالدىلىرى... ئاھ! بۇ توغرۇلۇق سۆزلىمەيلا قوياي. ئاددىيسى، بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزنى قىلغان بىچارە ئانامنىڭ كېسىلىنى مەركىزىي شەھەرگە بېرىپ داۋالىتىپ كېلىشكىمۇ كۆزىڭىز قىيمىغانىدى.

نېمىشقا ئاتا؟

چۈنكى، سىز ئەتە ئۇلۇغ سەپەرگە — ھەج سەپىرىگە ماڭماقچىسىز. سىز مېنىڭ ئادەم ياكى ھايۋانلىقىمنى سورىدىڭىز، نۇرغۇن-نۇرغۇن قېتىملاپ سورىدىڭىز. ھەر قېتىم مەن بېشىمنى ئېچىمگە تىقىپ ئۈن-تىنسىز كىرىپ كېتىۋەردىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەم ياكى ھايۋان ئوتتۇرىلىقىدا تۆرىلىپ قالغان غەلىتە مەخلۇق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. كېيىن بىلسەم، مەيلى مەن ھەرقانداق ئويلاي، سىزنىڭ پۇشتىڭىزدىن تامغان ئوغلىڭىز — ئىز باسارىڭىز ئىكەنمەن. تومۇرۇمدا سىزنىڭ قېنىڭىز ئاقىدىكەن. دېمەك، مەن سىزنىڭ پۇشتىڭىز ئىكەنمەن. ئۇنداقتا سىز كىم؟

شۇدەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنساممۇ ئەلىمىم سىرتقا تېشىپ، بوغۇزۇمغا ئاچچىق يىغا قاپلاشتى. ئانام ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ ئۆپكىدەپ - ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى.

— قېنى ئېيتىڭ! — مەن يىغىدىن بوغۇلۇپ ۋارقىرىدىم، — ھازىر جاۋاب بەرمىسىڭىز قىيامەتتە، خۇدانىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىسىز.

— سىز كىم؟!

ئاتام مېنى ئەبەدىي — ھەر ئىككىلى ئالەمدە كەچۈرمەيدۇ. مەن بۇ ئالەمدىكى ئاتا قارغىشىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان ئوغۇل. بىراق...

ئاتام ھەج سەپىرىگە ماڭىدىغان چاغدا كىچىچە كۆز يېشى قۇرۇمىغان ئانام باشقىدىن ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئاتامنى بىردىنلا يوغان ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئاخىرىدا مەنمۇ يىغلاپ كەتتىم.

ئايرودرومدا ئۇچىمىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق.

ئاھ! مەن يەنىلا ئاتامنىڭ ئوغلى. ئالەمدىكى ھەممە ئوغۇللارغا ئوخشاش مەنمۇ ئاتامنى سۆيىمەن. ئاتا — ئۇلۇغ ئىنسان. كۆندىلىك خاتىرەمنى مەڭگۈ تېپىلمايدىغان يەرگە تىقىۋېتەي! بىر كۈنلەردە مەنمۇ ئاتامدەك قېرىپ، كۆزۈم يۇمۇلسا بالىلىرىمۇ، نەۋرىلىرىمۇ تاپالمايدىغان يەرگە تىقىۋېتەي!

ئاتام ھەج سەپىرىگە ماڭغان كۈن، يېرىم كېچە.

— كۈندىلىك مەخپىي خاتىرەمدىن.

1999- يىل 11- ئاي

# كەندىرلىكتىكى چۈش

زېمىن ۋە ئاسمان بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كۇھقاپ كەبى مۇدھىش تۇس ئالغانىدى. قاپقارا تۇتىگەن بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئېزىتقۇ ئۇچقۇنلاردەك تۇن يۇلتۇزلىرى ئاندا - ساندا چاقناپ قالاتتى.

مەلىكباي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يېزىغا قارىدى. يىراقتىن يېزا ئۇخلاپ ياتقان بىر ھەيۋەت مەخلۇق كەبى قارىيىپ كۆرۈندى. كېچە جىمجىت. ھېچقانداق شەپە يوق. سەھرانىڭ سەزگۈر جانىۋارلىرىمۇ ئۆزلىرى ھېچ كۆرمىگەن زۇلمەت كېچە قاراڭغۇسىدىن ھېيىققان بولسا كېرەك، ئۈن - تىنىش چىقارمايتتى. ئەمدى يېزا خېلىلا يىراقتا قالغانىدى. مەلىكباي شۇندىلا كۆڭلى ئىزىغا چۈشۈپ يېنىك تىن ئالدى. ئۆزىدەكلا قېرى ھەم ئورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپ ئۆز يورغىسىغا قويۇۋەتتى. ئۇ بۇ ئاتنى ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئېشەكنىڭ تەخىيىگىمۇ توختىمايدىغان ئەرزان باھادا سېتىۋالغانىدى. گەرچە بۇ دېھقانچىلىقنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىغا يارىماس ھالدىكى قېرى ئات بولسىمۇ، ھامان ئات ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئاتلىق بولۇشتەك ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىغا يەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالاتتى. سەۋەبى، مەلىكباينىڭ ئېيتىپ يۈرۈشىچە، ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد يۇرتىنىڭ بەيگە - ئوغلاق ئويۇنلىرىدا ھەممىنى ئۇزۇپ ئۆتىدىغان مەشھۇر چەۋەندازلار ئىكەن.

مەلىكباينىڭ گېلى قۇرۇپ تاماكا چەككۈسى كەلدى. لېكىن، قولى تىترەپ ھېچ قولاشمايتتى. خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي

جۇدۇنى تۇتۇپ قەغەز بىلەن موخوركىنى پۇرلەپ ئېتىۋەتتى. كېچە-
نىڭ سالقىن شامىلى كۆك موخوركىنىڭ ئاچچىق ئۇۋۇندىلىرىنى
دىماغقا ئۇردى.

— هۇ! تۇزكور مەرەز، ئۆلمەيدىغان ئەبگار قانجۇق!

مەلىكباي بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئۆلەرمەن خوتۇنىنى ئەسكە ئېلىپ
لەنەت ئوقۇدى. شۇم ئېغىز خوتۇن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئالىلىقاندىق بىر
چۇشىنىكسىز قورقۇنچ سېلىپ قويغانىدى.

— ئېسىڭنى تاپ مەلىكباي، سەن ئۇ ئالەمنىڭ بوسۇغىسىدىكى
ئادەم.

مەلىكباي ماڭار چېغىدا كېسەلمەن خوتۇنى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى
قۇچاقلاپ شۇنداق دېگەنىدى.

— سەن ماڭا كاتىۋاللىق قىلما، جىن ئۇرغان ئاغرىقىڭنىڭ
دەردىنى تارتىپ سېسىق تۆشىكىڭدە يېتىشىڭنى بىل. هېلىقى ئادەم-
لەر مېنىڭ دېرىكىمنى قىلسا، تاپىلىغىنىم بويىچە ئېيت! شەھەرگە
ئوتۇن ساتقىلى كىرىپ كەتتى، دە.

— ئەمدى بولسىمۇ شۇ مەرەزدىن ئۆزۈڭنى تارت، خۇدانىڭ
قەهر- غەزىپىگە ئۇچرايسەن مەلىكباي!

مەلىكباي ئۇزاق يىللىق ئاغرىق دەستىدىن جەينەكچىلىك بولۇپ
قالغان موميىنىڭ جاھىلانە نەپرەت ھەم ۋەھىمە بىلەن تولغان ياشسىز
ئورا كۆزلىرىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ قىرىپ تا مۇشۇ ياشقا
كەلگۈچە خوتۇنىنىڭ بىر ئېغىز ئۆكتە سۆز قىلغىنىنى بىلمەيتتى.
ۋەزنى ئېغىر بىرخىل قورقۇنچ بىردىنلا مەلىكباينىڭ ۋۇجۇدىنى باس-
قاندەك بولدى. لېكىن، ھايال ئۆتمەيلا بوراندەك غەزەپ - نەپرەتكە
ئايلىنىپ كەتتى.

— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە! جوهۇت!

مەلىكباي ئاياغ ئاستىدا ئىڭراپ سۆرىلىپ يۈرگەن موميىنى
يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر دۈۋە ئەسكى لاتا- پۇتىنى ئاتقاندەك ئۆينىڭ
ئالىلىقاندىق بەتبۇي بۇخسۇپ تۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا — كېسەل

تۆشىكىگە ئېتىۋەتتى.

بوسۇغىدىن چىققۇچە مەلىكباينىڭ قۇلىقىغا ئۇزۇك ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدىيۇ، تېزلا جىمىپ قالدى.

— خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىگە ئۇچرايسەن مەلىكباي!

خوتۇننىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.

«تېخىمۇ بەكرەك ئەدىپىڭنى بەرسەم بولاتتى سېنىڭ» دەپ ئويلىدى، مەلىكباي.

قېرى ئات قۇمساڭغۇ جاڭگالدا ئۆز ئىگىسىنى ھېچ ئاۋارە قىلمايلا ئۆگەنگەن يولى بىلەن ئېزىلەڭگۈ يۈرۈشىدە كېتىپ باراتتى. كەچ كۈزنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان كېچە سوغۇقىدىن شۈركۈنۈپ پۈشقۇ-رۇپ قوياتتى. مەلىكباي ئات ئۈستىدە پاختىلىق چاپىنىغا مەھكەم يۆگىنىپ ئۆز ئېتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمدى بېسىقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. يېنىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ ئۈچ بۇرجەك يىرتىۋېلىنغان قەغەزنى نەيچىلەپ ئورىدى. ئاچ-چىق كۆك تاماكىنى كۈرەپ، نىقتاپ سالغاندىن كېيىن، سەرەڭگىنى يېقىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر خەيرسىز سەزگۈ — كەلگۈسى بالا - قازادىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك ئېغىشقا باشلىدى. ئۇزاق يىللىق كېسەل ئازابىدىن تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ كەتكەن خوتۇننىڭ نىمجان، قەقىر سىيماسى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، تاش بولۇپ كەتكەن يۈرىكى بىردىنلا ئېزىلگەندەك بولدى. ئۇ خېلىدىن بېرى خوتۇننىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەت، ئاچ - زېرىنلىق، خارلىق، يۈرەكزادى-لىك ئىچىدە يۈرىكى يانجىلىپ كەتكەن خوتۇنى ئۇچۇن ئەمدىلىكتە تېرىقچىلىك زەربىمۇ ئۇنىڭغا ئەجەل ئېلىپ كېلەلەيتتى.

— ئاھ خۇدا! ئەمدى مېنى بۇ پېشكەلچىلىكتىن ساقلا.

مەلىكباي ئەلەملىك ئىڭرىۋەتتى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئىرىدىلا توختاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆمۈرلۈك ئارزۇ - مۇرادى كۆز ئالدىدا ئوت بولۇپ يېنىپ

تۇرغاندا، ئۇزاق يىل تارتقان رەنج - مۇشەققەتلىرىنى بىردىنلا ئارقىغا چۆرۈپ تاشلاپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەتسۇنمۇ؟ كەندىر غوزەكلىرى بولسا ئۇزۇپ تەييار قىلىنغان. بىرنەچچە كۈندىن بېرى راسا شەبنەم يەپ مەي بولۇپ قالدى. گەپ - سۆزسىز قىيامدەك نەشىدىن تۆت جىڭ يىغىۋالغىلى بولىدۇ. خېرىدار ئۆزى ئەتە يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى...

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەگەر يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتسىلا كەندىر غوزەكلىرى نەملىشىپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق غوزەكلەردىن پەقەت سەھرانىڭ قاپاق بەڭگىلىرىلا سىقىمداپ سېلىپ كەيپ قىلىدىغان تىيىنغا يارىماسلىرىنى تاسقىۋالغىلى بولىدۇ. ھېلىقى خېرىدار ۋەدە قىلغان ھەقتىن — ئۆزىنى سەھرا قىيامىتىدىن قۇتقۇزغۇچى نىجات مەنبەسىدىن قۇرۇق قالسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ يەنە بىر يىلنى ساقلاشقا زادىلا تاقىتى قالمىدى. قويرۇقى ئۈزۈلمەس ئۇماچ قەرزلىرىدىن، رەھىمسىز يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ تىل - دەشناملىرىدىن، ھاشار ۋە يەنە نەچچە مىڭ خىل سېلىق - جەرىمانىلەردىن تۇمشۇقىغىچە جاق تويۇپ كەتتى. ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى...

— ياق! — مەلىكباي ئەسلىدىكى رەھىمسىز مەلىكبايغا ئايلاندى، — ياق! — ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئادەمزاتسىز جاڭگالنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئەكس سادادەك ئاڭلاندى. چېقىر، ئورا كۆزلىرىدە ئاچ كۆزلۈكنىڭ بالاخور سېرىق نۇرى چاقنىدى، — ئۆزۈڭگە قىلدىڭ ئەقلى كۆتە خوتۇن.

مەلىكباي تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ مۇگدەپ قالغان قېرى ئېتىنىڭ تېقىمىغا پۇتلىرى بىلەن نىقتاپ يۇرۇپ كەتتى. شەيتان ۋەسۋەسىسىدە قالغان كۆڭلىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ جايلىرىدىكى زەررىچە رەھىمدىللىكمۇ بىردىنلا نەپرەتكە ئايلاندى.

مەلىكباي تەكلىماكان بويلىرىدىكى ياۋاش - يۇمشاق دېھقانلارنىڭ تەتۇرىسىچە يارالغان شۇكۇر - قانائەتسىز، سەپرا مىجەز ئادەم ئىدى.

مەلىكباي قېرىپ يېشى 70 كە يېقىنلاشقاندا كۆڭلىدە غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتقان قەدىم جايىنى، 40 يىلدىن ئارتۇق قان ـ تەرى سىڭگەن ئېتىز ـ ئېرىق، يەر ـ سۇلىرىنى، ھەتتاكى بىر قۇر كىيىمدىن باشقا سەھرانىڭ ئاشۇ قىيامەت مۇشەققىتىنى ئەسلەتكۈچى ھەممە، ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە كەتمەكچى بولدى. ئۇ شەھەرنىڭ بىر چەت ـ بۇرجىكىگە ناۋايخانا سېلىپ خوتۇنى بىلەن بىللە ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، خېلىلا نۇرغۇن پۇل كېرەك بولاتتى. مەلىك- باي تۆكى چۈشۈپ ياغلىشىپ كەتكەن تۇمىقىنى تىزىغا ئېلىپ قويۇپ، كۆڭلىدە خىراجەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىقتى ۋە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆتۈرە بېرىلگەن بىرنەچچە مو قۇم- ساڭغۇ، ئۇنۇمسىز يەرنىڭ ھوسۇلى يىل بويى قۇلدەك ئىشلىگەندىمۇ قەرزدىن ئېشىنالمايتتى.

لېكىن، بۇ خىيال ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز قۇرتتەك غاجاپ ئارامىدا قويمايتتى. ئاخىر مەلىكباي بۇنىڭ چارىسىنى تاپتى. بىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خىراجەتكە ۋەدە قىلدى، ھەتتا شەھەرنىڭ چېتىدىن- يېزى- نىڭ ساقچى، ئەمەلدارلىرىمۇ ئىزدەپ تاپالمايدىغان خالىي جايدىن ناۋايخانا تېپىپ بەرمەكچى بولدى. بۇنچە سېخىيلىقنىڭ ھەق- بەدىلىگە مەلىكباي تازا ۋايىغا يېتىپ پىشقان مەي نەشىدىن تەييارلاپ بېرىشكە پۈتۈشتى. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھازىر شەھەرلەردە بۇنداق نەرسە تازا پۇلغا يارايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. سەۋەبى، خىروئىن دېگەن نەرسە پەيدا بولۇپ شەھەر ياشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ كەيپى- نى سۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ. نەرخى زەھەردىنمۇ قىممەت تۇرىدىكەن. بۇ شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، باشقىنى قويۇپ ئەرلىكنىڭ بىلەن خوتۇ- نۇڭنى ماڭا بەر دېسىمۇ بەرگۇدەك بولۇپ كېتەرمىش. دوست ـ دۈشمەننى، قەستنى ئاڭقىرالماسمىش. كەيپ كونىرىغانچە بەڭگىلەر ئۆتنا كۆيدۈرۈپ چېكىپمۇ، كۆك تومۇرىغا ئوكۇل قىلىپمۇ خۇمارىنى

باسالمايدىكەن. دەل مانا شۇنداقلىرى ئۇستىگە بىرنەچچە بىسىم نەشە چېكىۋەتسە خۇمارى بېسىلىپ، كەيپى ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن.

مەلىكباي ھەيران قالدى. گەرچە ئۆزى بىر ئۆمۈر دېگۇدەك كەيپ قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئادەمنى شۇ سىياقتا نامەردلەشتۈرۈۋەتكىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئامىتى كەلدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ئېپى - جېپىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. بىر يىلدىن كېيىنكى بىر كۈز ئاخشىمى، خېرىدارنىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە ھەممىنى تەقلەپ، ئۆيىدە كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، ئىشىكى جالداقلاپ ئېچىلدى. يېزىنىڭ قېرى، ئاۋاق ساقچىسى ۋە ناتونۇش ئىككى ساقچى بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— نەشىنى چىقار!...

مەلىكباينىڭ خوتۇنى كېسەل تۆشىكىدىن چاچراپ تۇرۇپ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئۆزىنى ئاتتى. قورقۇنچتىن ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇگۇلۇپ ئەسەبىيلەرچە جالاقلاپ تىترىدى. مەلىكباي شۇ دەقىقە ئىچىدىلا بېشىغا كەلگۈسى ھەممە بالا - قازانى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى. ئاۋاق ساقچى ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ مەلىكباينىڭ پېيىگە چۈشۈپ يۈرەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەلىكبايلا ئەمەس، كەمپىرىمۇ بىلەتتى. ياۋاشلىق بىلەن ھەممە قىلمىشىنى تاپشۇرامدۇ ياكى تاپشۇرمامدۇ؟ بەربىر مەلىكباي ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئاۋاق ساقچى چاقچاقنىلىق بىلەن ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇپ چىقتى. مەلىكباي گاراڭ، خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە قېرى ساقچىنىڭ ئەسەبىيلىشىپ تىللىغىنىنى ئاڭلىدى.

— مالنى نەگە يوشۇردۇڭ، چاپسان ئېيت؟

مەلىكباي زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ ھەرقانچە قىيىن - قىستاققا ئېلىنسىمۇ قېرى ساقچىغا بويۇن ئەگمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىدى.

قېرى ساقچىنىڭ ئەپتى بىر قارىماققا ئادەم تەپ تارتقۇدەك، بىر

قارىسا قورققۇدەك ئاللىقانداق بىر سۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ زەردە بىلەن دېدى:

— يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە يوشۇرغان بولساڭمۇ، مېنىڭ ئاما-لىم بار.

ئۇنىڭ قانداق ئامال ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى: مەلىكبايىنىڭ كېسەلمەن خوتۇنى «جىنايىتىنى بالدۇرراق تاپشۇرسا يېنىك بىر تە-رەپ قىلىنىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ قويدى. مەلىكباي ئەجرىنىڭ بىكار كەتكىنىگە چىدىماي يىغ-لاپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە ئۆيدە ماجىرا قوزغىلمايدىغان بولدى.

قېرى ئات كېلەڭسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆزىنىڭ ئېزىلەڭگۈ يۇرۇشىدە بارغانچە ئاستىلاپ ماڭماقتا ئىدى. كەڭرى جاڭگالنىڭ كۆكۈچ كۆل رەڭ قاراڭغۇسىدا بويىنى تېخىمۇ ئۇزىرىپ كۆرۈنەتتى. مەلىكباي ئات ئۈستىدە دەردلىك، ئېغىر ئۇھسىنىدى.

شۇ چاغدا مەلىكباي ئۈچ ئاي ھەپسىگە ئېلىنغانىدى. ساقچىلار ئۇنى ھەرقانچە قىيىن - قىستاققا ئېلىپمۇ شۇنچىۋالا كەندىرنىڭ تې-رىلغان ئورنىنى ئىقرار قىلدۇرالمىدى. ھېلىقى قاتتىق قول قېرى ساقچىمۇ ئامالسىز قالدى. مەلىكباي ئۆزىنىڭ كەندىر ئۆستۈرگەن مەخپىي ئورنى توغرىسىدا خوتۇنىغىمۇ تىنمىغانىدى. ئاخىر ساقچىلار ئۇنىڭ بىردىنبىر ئائىلە مۈلكى بولغان كالىسىنى جەرىمانە ئورنىدا تۇتۇپ كېتىپ، بولدى قىلدى.

مەلىكباي ھەپسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە ھەرقانچە باھانە-تەسەللى ئىزدەپمۇ كېسەلمەن خوتۇنىغا بولغان نەپرىتىنى باسالمىدى. ئەينى چاغدا نەشىنى ئۆي ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمان يېدى. مانا ئەمدى يىل بويى ئەجىر قىلىپ قولىنى سۇنسىلا يېتەي دەپ قالغان نۇرغۇن پۇلدىن، ھەتتاكى دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر روزد-

غارى بولغان كالىسىدىنمۇ ئايرىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ
قارغىش تەگكۈر ئۆلەرمەن خوتۇنى سەۋەبچى ئىدى. شۇ چاغدا قېرى
ساقچىنىڭ قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن بولسا، 40 يىللىق قەد-
ناسىغا خىيانەت قىلمىغان بولسا سەھرانىڭ قىيامەت تارتقۇلۇقلىرى-
دىن خالاس بولۇپ، بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ قالغىنىغا يارىشا راھەت
كۆرەر ئىدى.

مەلىكباي پەرزەنتسىز ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىل-
گىرى خوتۇنى تۇنجى بالىسىغا قورساق كۆتۈرگەندە، بىر قېتىملىق
دامبا قۇرۇلۇشىدا ئېغىر تاش كۆتۈرۈپ سالغانلىقتىن بويىدىن ئاجراپ
كەتتى. خوتۇنى تاش دۈۋىسى ئۈستىدە قانغا چىلىشىپ شۇ ياتقانچە
قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. مەلىكباي داخانغا ئوقۇتۇپمۇ، تېۋىپلارغا
كۆرسىتىپمۇ پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن
قېرىپ كەتتى، بەلكى خۇدا مەلىكبايغا پەرزەنت نېسىپ قىلغان بولسا
بۇ كەمگە نەۋرىلىكمۇ بولار ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يىلتىزى
ئۆلمەي بىر جەمەت بولۇپ ئۆيۈشۈپ، كۈنلىرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتسى-
مۇ ئۆزىنى بەختلىك سانار ئىدىمىكىن. قېرى جېنىدا ئوغۇللىرىنىڭ
راھىتىنى كۆرۈپ، ئالۋان - سېلىقلاردىن، مال - دۇنيا ۋەسۋەسىسى-
دىن خالىي بولۇپ، ئۆمرىنى پاك ئۆتكۈزەر ئىدىمىكىن...

مەلىكباينىڭ بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا ئولىشىپ، كۆزلىرى ئېچىش-
تى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماستىن ئىشلىدى.
ئۆزگىلەرنىڭ ھەققىگە قارا ساناپمۇ، توغرا يول بىلەنمۇ مال- دۇنيا
توپلاشقا تىرىشتى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەل-
مىدى. مەلىكباينىڭ دۇنيا غېمى بېشىغا كىيىلگەندىن باشلاپ تارتقان
ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىپ، باشتا
ئېسەدەپ، ئاندىن ئاستا - ئاستا بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

لېكىن، ھايال ئۆتمەيلا مەلىكباي يىغىسىنى تېزلا يىغىشتۇرۇ-
ۋالدى.

مەشرىقتىن تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى.

مەلىكباي ئېتىنى دېۋىتتى. كەندىرلىككە تاڭ يورۇشتىن ئىلگە-ىرى يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز خىياللار بىردىنلا چۇلغاشقا باشلىدى. ئۆتكەندە مەلىكباي كەندىرلىككە بارغاندا شورلۇق، يۇمشاق توپا ئۈستىدە غەلىتە ئىزلارنى بايقىغانىدى. ئىز ناھايىتى سۇس ھەم قالايمىقان بولۇپ، ھەرقانچە سەپسېلىپمۇ ئادەم ياكى ياۋايى ھايۋاننىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالغىلى بولمايتتى. بىر تۈرلۈپ بۇ ئىزلار يامان نىيەتلىك ئادەملەر كېتەر چېغىدا مەقسەت-لىك بۇزىۋېتىلگەن ئىزدەكمۇ تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىزلار ئۇنى پايلاپ يۈرگەن بىرەر بەڭگىنىڭ ياكى تېنەپ - تەمتىرەپ كېلىپ قالغان ئوۋچىنىڭ ئىزى بولغان بولسا شۈبھىسىزكى، كەندىرلىكنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، غوزەكلىرىنى پۇتاپ كەتكەن بولات-تى. ئەجەبا... مەلىكباينى غۇژژىدە قارا تەر باستى. ئەگەر بۇ ئىزلار ھېلىقى قېرى ساقچىنىڭ بولۇپ قالغان بولسا، تۇگەشكىنى شۇ! ... يا پەرۋەردىگار! مەلىكباي ھەرقانچە شۇم پېشانە، قېرى ساقچى ھەرقانچە يامان بولغاندىمۇ يېزىدىن يېرىم كۈنلۈك يول يىراق-لىقتىكى، قاراڭغۇ توغراقلىق ئىچىدىكى 100 يىل ۋەياكى 1000 يىللاردىن بېرى ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن پىنھان جاينى تېپىپ بارالماس! ؟

مەلىكباي بارغانچە ئاستىلاپ كېتىۋاتقان قېرى ئېتىنى جېدەللەپ ھەيدەشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇلار تەكلىماكان بويىدىكى توغ-راقلىق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

كونىلار قالدۇرۇپ ئۆتكەن، كېيىنكىلەرنىڭ ناخۇش، نىمجان خاتىرىسىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد غۇۋۋالىشىپ كېتىۋاتقان رىۋايەتلەردە ئېيتى-لىشىچە، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان قوينىدا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلار بولغانىكەن. گەرچە ئۇ يەرلەردە ئالىبۇرۇنلا ئادەملەر ياشىماس بولغان بولسىمۇ، ھەددى - ھېسابسىز جان - جانىۋارلار، ئۇچار قاناتلار بۇ ماكاننىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىكەن. كېيىن قانداق ئالامەتلەر يۈز بەردى، بىردىنلا

ئادەملەرگە سۇ يېتىشمەس بولۇپ قالدى. قەدىمدىن ئەنە شۇ بوستان-
لىقلارنى سۇغىرىپ كېلىۋاتقان ئەزىم دەريا - ئېقىنلار بوغۇۋېتىلدى.
بوستانلىقلار قۇملۇقتىكى ئاۋۇلدەك غايىب بولۇپ كەتتى. لېكىن،
تەكلىماكاننىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ توغراقلىق ئېپتىدائىيلىقىغا
قايتىۋاتقان ئاچ كۆز ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرگۈ-
چى غالجىرانە بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ، تەبىئەتنىڭ كۆز يېشى
بىلەن سۇغىرىلىپ قەيسىرانە ياشاپ كەلدى.

قەدىمي توغراقلىقنىڭ بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ
كېتىدىغان قۇيرۇق قىسمىدا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان يارداڭلىق بو-
لۇپ، چوڭقۇرلۇقى 20 غۇلاچچە كېلەتتى. يارداڭلىقنىڭ ئىككى ئۇچى
خۇددى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك بارغانچە تارىيىپ باراقسان توغراقلىق
ئىچىدە يوقاپ كېتەتتى. يارداڭلىق قۇرۇپ كەتكەن ئېقىن - دەريا
قىنىدەك ياكى قانداقتۇر بىر چوڭقۇر لەخمىنىڭ خارابىسىدەك سىر-
لىق ھەم قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يەر يار لېۋىدىكى ئىرماش-
چىرماش 100 يىللىق توغراقلىق بىلەن شۇنداق ياخشى نىقابلانغاندى-
كى، تېزرەك ماڭغان يولۇچى بايقىمىسا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يار-
داڭلىققا غۇلاپ چۈشەتتى.

تىنىم تاپماس مەلىكباي بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ھاشار-
دىن سېلىككەن قىش كۈنلىرىدە تۈلكە ۋە ياۋا توشقانلارغا قاپقان
قۇرۇپ يۈرۈپ بۇ يارداڭلىقنى بايقاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ يارداڭ-
لىق ئىچىگە چۈشۈپ ئادەم بويى ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان
يارداڭلىقنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ
چىقتى. ئادەمزاتتىن يىراق بۇ كىچىككىنە پىنھان زېمىن ئۆمۈر بويى
ئادەملەرگە گۇمان ھەم دۈشمەنلىك بىلەن قاراشقا ئۆگەنگەن مەلىكباي-
نى خۇش قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ يارداڭلىقنى ئۆزىنىڭ
خۇپىيانە مەقسەتلىرى ئۈچۈن كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ قويغانىدى.

مەلىكباي قېرى ئېتىنى يېتىلەپ يارداڭلىق بويىغا يېتىپ كەل-
گەندە، پۈتكۈل توغراقلىق كائىناتنىڭ قۇياشنى ئاپىرىدە قىلغۇچى

مۇقەددەس ئالتۇن نۇرىغا پۈركەنگەنىدى. ياردائىلىق ئىچىدىكى باغ ئورنىچىلىك يەرگە تېرىلغان كەندىرلىك گۈئىگا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مەلىكباي ئالدىراپ كەتمىدى. ئالدى بىلەن ياردائىلىق لېۋىدىكى قېرى دوڭغاق توغراقنىڭ بولۇق شاخلىرى ئارد-سىغا يوشۇرۇنۇپ، كەندىرلىكنى خېلى ئۇزاققىچە سەۋرچانلىق بىلەن كۆزەتتى. كەندىرلىكنىڭ سۇرلۇك قارىيىپ تۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭلىد-رىغا چالما ئېتىپ، بىرەر شەپە چىقىشىنى كۈتتى. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدىلىك بولسىمۇ، داد دېگۈچە كۆرگۈلۈكىنى كۆرگەن تەتۈر پېشانە مەلىكباي ئۈچۈن ھېچبىر ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. شۇ-نىڭدىن كېيىنلا مەلىكباينىڭ كۆئلى تىندى. قېرى ئېتىنى ياردائىلىق بويىدىكى توغراققا باغلاپ قويۇپ، يىرىك سامان قاچىلانغان تورۋىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى، ئاندىن چاققانغىنە ئالا خۇرجۇننى مۈرد-سىگە تاشلاپ ياردائىلىقنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن جايى بىلەن پەسكە چۈشتى. بىردىنلا مەلىكباينىڭ بۇرنىغا كەندىرنىڭ سىلىق، خۇشبۇي ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆئلىدىكى غەشلىك، قورقۇنچ تۈيغۇسى تۈگەپ كەتكەندەك بولدى. مەلىكباي كەندىرلىكنىڭ شورلۇق، يۇمشاق تۇپىسىنى دەسسەپ كەندىر غوزەك-لىرى يېيىلغان جايغا كەلدى. كەلدىيۇ، چۆچۈپ كەتتى.

كەندىر غوزەكلىرى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا دەسسەپ، چەيلەنگەنىدى. مەلىكباي يەرگە ئېڭىشىپ ئىزلارغا سەپسالدى. خۇد-دى بۇرۇنقىدەكلا قانداقتۇر ياۋايى ھايۋاننىڭ ئىزى غوزەكلەرنى پېتىق-لىغاندىن كېيىن، كەندىرلىكنىڭ ئىچى بىلەن ياردائىلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ سۇس ئىز قالدۇرۇپ، بىردىنلا يوقاپ كەتكەنىدى. مەلىكباي توغراقلىقتا تۈلكە ئوۋلىغانلىرىنى ئېسىگە ئالدى. شۇندىلا يېنىك تىنىپ چىرايىغا قان يۈگۈردى.

— ئۇھ، ئېسىم قۇرۇسۇن، قاپقان قۇرۇپ قويغان بولسامچۇ... ۋاي، ساڭا... قېرى ئەخمەق!

مەلىكباينىڭ كۆزىگە ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرغان تۈلكە تېرد-

سى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئېچى ئېچىشىپ كەتتى.

— ۋاي كاساپەت!

مەلىكباي كەندىر غوزىكىنى سىقىمداپ ئالدى. شەبنەمدىن غو-زەك بوشاپ ئېغىرلاپ قالغاندەك ئىدى. چاڭغا تويۇنغان ئۇششاق چېچەكلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ ئالىقىنىدا سەللا يىمىرنۇدى، نەشە شىر-نىسى بارمىقىغا يېلىمدەك چاپلاشتى. چاڭقىغان ئۆتكۈر پۇراقتىن مەلىكباينىڭ گېلى قىچىشىپ، خۇمارى تۇتۇپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ھەممە ئىشنى بىردەملىككە بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەقدادى-غا يەتكۈزۈپ راسا بىر كەيپ قىلغۇسى كەلدى. لېكىن، مەلىكباي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئاش پىشىم ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئالدى بىلەن ئىشلىرىنى تۈگىتىۋالسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ ھەم قېنىپ ئۇلگۇرىدۇ.

مەلىكباي خۇرجۇنىدىن چاققانغىنە غەلۋىر، پىچاق ۋە باشقا ساي-مانلىرىنى ئېلىپ بىر پارچە ئاق لاتىنى يەرگە يايدى ـ دە، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

مەلىكباي ئىشنى تۈگەتكەندە، كۈن مەغرىبكە قىيسىيىپ قاش قارايغانىدى. ئۇنىڭ تۆت كېچىلەردە بىر پاتمان خەۋپنى يۇدۇپ ئەجىر قىلغىنىغا يارىشا كەندىر ئوخشىغان بولۇپ، ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق-راق ھوسۇلغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن تويماس نەپسى تېخىمۇ زورايغان مەلىكباينىڭ كۆز ئالدىدا ناۋايخانا بىلەن يانداش سېلىنغان ئەپچىلگىنە باغلىق قورۇ ـ جاي گەۋدىلەندى. خۇدا ساق ـ سالامەت قىلسىلا، ئۇمۇ بولىدۇ. ئەمدى مەلىكباي كەندىر ئۆستۇرۇشكە شۇنچە باب كېلىدىغان بۇنداق پىنھان، ئېسىل جاينى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ. مىڭ مەرتە شۈكرى، ئەمدى مەلىكباينىڭمۇ راھەت كۆرىدىغان كۈنلىرى كەلدى!

شۇ تاپتا مەلىكباي نەشە قاچىلانغان خۇرجۇنىنى ئېلىپ قانات ياساپ ئۇچقۇسى كەلدى. لېكىن، ھازىر ۋاقىت بالدۇرلۇق قىلاتتى. ھېچ-بولمىغاندا دېگەر بىلەن يولغا چىققىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئەلياتقۇدىن ئۆتكەندە — كىشىلەر ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق

بولغاندا يېزىغا يېتىپ بېرىپ، ئىنس - جىنغا تۈيدۈرمايلا ئۆيگە
كىرىۋالالايدۇ.
مەلىكباي شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنىڭ ئۆز مەيلىگە قالغىنىغا كۆڭلى-
دە خۇش بولدى. بايا ئۇ ئىش بىلەن بەند بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغان-
دى، ئەمدى بىردىنلا نەپسى تاقىلداپ نەشە خۇمارى تۇتتى. ئۇ كەندىر
ياتاسلىرى ئۇستىدىلا ئولتۇرۇپ خۇرجۇنىدىكى نەشىدىن گۇلە چوڭلۇ-
قىدا ئۈزۈپ ئالدى. ئالىقانلىرىدا خېلى بىر ھازا يىمىرگەندىن كېيىن
چاشقان مايىقى چوڭلۇقىدا ئۇششاقلاپ، كۆك موخوركا بىلەن ئوبدان
ئارىلاشتۇردى، ئاندىن باشمالتاق چوڭلۇقىدا نەيچىلەپ ئورالغان تاماكا
قەغىزىگە ھەممىنى بىراقلا نىقتاپ، بېسىپ سالدى. مەلىكباي بىردىن-
لا ئۆيدىن چىققاندىن بېرى بىر بۇردىمۇ ناشتىلىق قىلمىغىنىنى ئېسى-
گە ئالدى. خاپىچىلىقتا يېگۈدەك بىرنەرسە ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇغان-
دى. ئاچ قورساق كەيپ قىلغاندا، نەشە ئادەمنى ئەپقوياتتى. مەلىك-
باي بىردەملىككە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، نەشىنىڭ شېرىن
كەيپ تەقەززاسى غالىب كەلدى. مەلىكباي ئۆگەنگەن قوللىرى بىلەن
تەكشى ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچە رەت قۇرۇق تارتىپ تاماكىسىنى
راسا چوغلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراپ ئىچد-
گە سۇمۇرۇشكە باشلىدى.
باشتا كەيپى بوش، نېرۋىلىرىغا ئانچە تەسىر يەتمىگەندەك قىل-
دى. مەلىكباي خۇرجۇننى تارتىپ يەرگە يانپاشلىشى بىلەنلا ھېچبىر
ساختىلىق قوشۇلمىغان ساپ نەشە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلى-
دى. گاھ يەر ئويۇلۇپ چوڭقۇر زۇلمەت ئىچىگە غۇلاپ كېتىۋاتقان-
دەك، گاھ بەدەنلىرى پەيدەك يېنىكلەپ ھاۋادا لەيلەۋاتقاندەك تۇيۇل-
دى، ئاندىن كەندىرلىك، يارداڭلىق ۋە توغراقلار كۆز ئالدىدا چۆرگى-
لەشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا ئەۋجىگە چىقىپ، پۈتكۈل زېمىن
غايەت زور موكىدەك بىرنەرسىگە يۆگىشىپ تۇگەپ كېتىۋاتقاندەك
دەھشەت بىلەن سوزۇلۇپ پىرقىرىدى. مەلىكباينىڭ ئىچ - باغرى
ھازىرلا يېنىپ چىقىدىغاندەك كۆڭلى ئاينىپ كەتتى. ئورنىدىن قوپۇپ

ئولتۇرۇۋالماقچى بولدىيۇ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. بىردىنلا مەلىكبايىنى ئەجەل ۋەھىمىسى باستى. ناشتىلىققا يېگۈدەك بىرنەرسە ئىلىنۋالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى. پۈتكۈل ئەزايىنى قارا تەر بې-سىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. مەلىكباي مىڭ تەسلىكتە يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ھوشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ جېنىنىڭ بارىچە چىشلىدى.

زېمىن يەنىلا چۆرگىلىمەكتە ئىدى.

مەلىكباي ئاستا - ئاستا ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ئۇيقۇغا كەتتى.

... ناھايىتى، ناھايىتىمۇ ئۇزاقتىن كېيىن مەلىكباي قايتا تىرىل-گەن ئاجىز، مەستخۇش سەزگۈلىرى ئارقىلىق كەندىر شاخلىرىنىڭ سۇس شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. مەلىكباي ۋۇجۇدى-دىكى پۈتكۈل كۈچىنى يىغىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆرە بولۇۋالدى. ئالدىدىكى كەندىرلىك ئارىسىدىن بىرنەرسىنىڭ لىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. مەلىكباي ئېسىنى يىغىپ نېمە ئىشلىقى-نى ئويلاپ بولغۇچە ئالدىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ھەيۋەتلىك، كۆك يايلىلىق ئىككى بۆرە پەيدا بولدى. دەھشەتتىن مەلىكباينىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۆرىلەر ئۇنى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ، قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. مەلىكباي خۇرجۇندىكى پى-چاقنى ئالماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى.

— گۇناھىم جىق! يائاللا! رەھىم قىل.

ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت شۇ گەپنىلا دېيەلىدى.

* * *

مەلىكباينىڭ قۇلىقىغا بىراۋلارنىڭ گۇدۇڭشۇپ سۆزلەشكەن ئا-ۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، مەلىكباي ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ كۆزىنى ئا-چالمىدى. گويا ئۇنىڭ يەتتە ئەزاسى ئۆز تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ

كەتكەندەك ئىدى. ئۆزىنى ئاجايىپ يەڭگىل، شۇنداقلا جانسىز سېزەتتى. مەلىكباي پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ يۇقىرىغا — ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قۇلاق سالدى. ئۇ باش ئۇستىدە گۇدۇڭشۇپ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ گەپ ئورامىدىن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى، كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالماقچى بولدى. ئەجەبلىنەرلىكى، مەلىكباي ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق ھەم قانداق تىلدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

ھېلىقى ئاۋازلار تېخىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. بىراۋلار قانداقتۇر قاتتىق بىرنەرسە بىلەن مەلىكباينى نوقۇدى.

— بېشىڭنى كۆتۈر، مەلىكباي!

قۇلاق تۈۋىدە گۈمبۈرلەپ ياڭرىغان سادا مەلىكباينىڭ مەستخۇش ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، غايىب كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن ئۆرە بولدى. مەلىكباينىڭ كۆز ئالدىدا — ئۆزىدىن بىرنەچچە چامدام نېرىدا يېشىل رەڭلىك رەختلەردىن باشتىن - ئاياغ يېپىنچىسىمان كىيىملەرنى كىيگەن، پېشانە - مەڭزلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ قەددى - قامەتلىك ناتونۇش ئىككى ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوڭ قوللىرىدا زەيتۇن ياغىچىدىن قىلىنغان زاكون تايىقىدەك بىرنەرسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. مەلىكباي ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى. ھەممە ياق قويۇق، قارامتۇل تۇمان بىلەن چۈمكەلگەن بولۇپ، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ناھايىتى يىراق چەكسىزلىكتە بوغۇم - بوغۇم بولۇپ تەكشى يېيىلغان تۇمانلار ئارىسىدىن نە بىرەر تال ئوت-گىياھ، نە بىرەر تۈپ دەل - دەرەخنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەلىكباي بىردىنلا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىگە ئەمەس، قانداقتۇر بىر بوشلۇقتا دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەزايىنى غۇژژىدە سوغۇق تەر باستى. ھېلىقى ناتونۇش ئىككى كىشى مەلىكباينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ئۈن - تىنسىز ئۆرە تۇرۇشاتتى. مەلىكباي قۇۋ كۆزلىرى بىلەن ئوغرىلىقچە شۇنچە سەپسېلىپمۇ ئۇلارنىڭ سىيا-

قىدىن يەر يۈزىدىكى ئادەم زاتىنىڭ ھېچبىر نىشانىنى بايقىيالمىدى. شۇ زامات مەلىكباينىڭ كاللىسىدا دەھشەتلىك بىر پىكىر چاقماق چاققاندەك يالت قىلىپ ياندى!

«مەن ئۆلۈپتىمەن ـ دە!»

مەلىكباي شۇ ھامان ھاياتىدا سادىر قىلغان ھەممە گۇناھى-كەبىرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېسىگە ئېلىپ، ئۆز خىيالىدا دەڭسەپ كۆردى. ئەيىۇھاننناس! ئۇنىڭ يىگىرمىنچىلىك ئۆمرىدىكى گۇناھلىق قىلمىشلىرى شۇنچە، شۇنچىۋالا كۆپ ئىدىكى، ئاخىرىغا بېرىپ سەل-دەك بېسىپ كەلگەن قورقۇنچ ـ ۋەھىمىدىن پۈت ـ قوللىرىدا جان قالماي ئورنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ مەلىكباي ھايات چېغىدا موللىلاردىن ئاڭلىغىنى بويىچە دەررۇ ئايەت ئوقۇپ گۇناھىنى يېنىكلىتىشنى تىلىدى.

مەلىكباي پەرىشتىلەرگە يۈزلىنىپ، سەجدىگە باش قويدى. شۇ زامات قىلىچتەك ئۆتكۈر ۋە پارتلاق سادادىن مەلىكباي ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى.

— سەجدە قىلما! بېشىڭنى كۆتۈر! شەيتاننىڭ قۇللۇق زەنجىرى بىلەن لەنەتلەنگۈچى.

پەرىشتىلەرنىڭ پاكىز، نۇرلۇق سېيماسى يىرگىنچ ھەم غەزەپ-تىن قارامتۇل تۇسكە كىردى. ئۇلار زەيتۇن ياغىچىدىن قىلىنغان زاكون تايىقىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى:

— ئاللانىڭ ھۆكمىگە قۇلاق سال! ئاسىي بەندە، ئەمدى ساڭا ھەم ئاشۇ بۆرە بېشى سۇرىتىدىكى زېمىندا ياشىغۇچى قوۋمىڭغا ئىمان-ئىستىغپار ئېيتىش بىھاجەت بولدى. سىلەر قايتا تىرىلمەكتىن، جەننەت ھەم دوزاخنىڭ پاراغىتى ۋە ئازابىدىن ئەبەدىيلىك مەھرۇم بولدۇڭلار. سىلەر ياراتقۇچىڭلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆلگە ئايلاندۇ-رۇلۇپ، ئىككى ئالەمدىن ئەبەدىي يوق بولىسىلەر — سىلەرگە ئەڭ كۆپ شەپقەت قىلغۇچىنىڭ مالائىكە ـ پەرىشتىلەرنىڭ، زېمىن يۈزىدە-

كى بەندىچىلىك بۇرچى، ۋىجدان - غۇرۇرى بىلەن ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە، خاتىرىسىدە ئەزەلدىن يارىتىلمىغاندەك، ياشاپ باقمىغاندەك يوق بولىسىلەر.

مەلىكبايىنى ھېچقاچان، ھېچ يەردە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل غەلىتە قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۇ ھاياتىدا ئاللا ئىنسانلارغا بەخش قىلغان تۇرمۇشنىڭ ھەممە زۇلۇم - سىتەملىرىنى، ئاچ - زېرىنلىق، ۋابا ھەم ئۆلۈمنىڭ تەھدىت - ئازابلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولىسىمۇ، ئەبەدىيلىك يوق بولۇشنىڭ بۇنچە ئاچچىق تەمىنى تېتىپ باقمىغانىدى. مەلىكباي پانىي ئالەمدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۇچۇن ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدا 100 يىل، ھەتتا 1000 يىللاپ كۆيسىمۇ،خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان ئىككىنچى ھاياتلىقىنى— ياشاشنى، پەقەت داۋاملىق ياشاشنىلا ئىزدەيتتى.

مەلىكباي تۇگىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ يوق بولۇش ئالدىدىكى دۇنياسىدا جىنچىراغنىڭ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان زەررىدەك ئۈمىد - ئارزۇسىمۇ ئۆچتى. ئەمدى تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشنىڭ، مەغپىرەت تىلەشنىڭ ھېچ ئورنى قالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ھەممە گۇناھلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرى كۆز ئالدىدا بىرمۇبىر ئايان بولۇپ تۇراتتى. خۇدا مەلىكبايىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەنلا خۇدا ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاشلا غەزەپ قىلسا بولامدۇ؟ مەلىكبايىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى ئىچىدە كېچە - كۈندۈز ئىخلاسمەنلىك بىلەن خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغانلار، روزا - رامىزاننى، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدىغانلار، ئۆزىگە ئىشەنمىسىمۇ ھالاللىق بىلەن ئۆشرە - زاكات بېرىدىغانلار كۆپقۇ؟ !

مەلىكباي ھايات چېغىدىكى ھەربىر ھۆجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ھەممىگە نارازىلىق قىلىدىغان، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان خۇي - پەيلىگە يېنىپ، شەيتىنى يەنە قوتراشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەقىقەتەن لىللا ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇنىڭغا

مەلىكباي ئەلۋەتتە تەن ئالىدۇ. مەلىكباينىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن، ھەتتاكى خۇدانىڭ بۇ ھۆكمىگە ئانچە قايىل بولمايدىغان يەرلى-ردىمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك. ھامىنى بىر ئۆلۈم — بىر جازا، بۇنىڭلىق بىلەن خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان ھالەتتىمۇ، خۇدانىڭ بەندىسىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق جازاسى بولماس. شۇنىڭ ئۇچۇن، ھەممىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، كۆڭلى - قارىنىدىكىنى تەلتۆكۈس بوشىتىپ تۆكۈۋېلىش كېرەك.

مەلىكباي ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇش بىلەنلا ھازىرقىدەك باشتىن - ئايىغىچە گۇناھقا پاتقان بەندە ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ ئالدىدىكى ئاشۇ پەرىشتىلەردەك ھەممە رەزىللىكلەردىن خالىي پاك بەندە ئىدى. ۋەھا-لەنكى...

مەلىكباي ئۆمرىدە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇچراتتى. ئۇلار ئۆزىنى خۇداغا، ئاخىرەتكە بېغىشلىۋەتكەن ياۋاش - يۇمشاق، مۆمىن ئادەملەر ئىدى. ھېچبىر ئىنسانغا يامانلىق، بەتنىيەتلىك قىلمايتتى. ئۆزلىرى ئۆمۈر بويى، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاچ - زېرىنلىق، نامراتلىق، خورلۇق ئىلكىدە ئۆتسىمۇ شۈكۈر - قانائەتچان ئىدى. كېچە - كۈندۈز ئاللادىن ئۇ دۇنيالىقنى تىلەپ تائەت - ئىبادەت قىلاتتى. ئەجەبكى، شۇنداق ئىخلاسمەن بەندىلەرمۇ قانداق ۋەجدىن ھەر ئىككى ئالەمدە خۇدانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىسا!

مەلىكباينىڭ كۆڭۈل چوڭقۇرىغا قاتمۇقات كۆمۈلۈپ كەتكەن، ھاياتلىقىدا ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان يەنە نۇرغۇن سوئاللىرى بار. لېكىن، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكە ئېلىپ، سۆزلەپ تۈگەت-كىلى بولمايتتى.

مەلىكباي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت كۆڭلىدىلا ئويلاپ ئۆتكۈز-دىمۇ ياكى ئالدىدىكى پەرىشتىلەرگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىمۇ بۇنى ئاڭقىرالمىدى. لېكىن، پەرىشتىلەرنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ھەم نەپ-رەت ئەكس ئەتتى.

پەرىشتىلەر مەلىكباينىڭ كۆڭلىدىكىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇ-

راتتى.

— قۇلاق سال، ئەي بىچارە ئىنسان. ئىككى ئالەمدە مەڭگۈلۈك يوق بولۇشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغىنىڭدا بىز ساڭا ئۆزۈڭ بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن، كۆز ئالدىڭدا، پېشانەڭگە ھەرقاچان ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ كور كۆزلىرىڭ كۆرەلمىگەن، ئۆلۈك سەزگۈلىرىڭ سېزەلمىگەن ياكى كۆرۈپ - بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆز پايدا - مەنپەئىتىڭ، تاتلىق جېنىڭ ئۈچۈن كۆرمەس - بىلمەس بولۇۋالغان ھەقىقەت توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەيلى.

سىلەردە ھەقىقىي ئۆلۈغ ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھېچقاچان خەير-لىك بولۇپ باقمىغان. ئەسىرلەردىن بېرى روھىيىتىڭلارغا سىڭىپ كەتكەن خائىنلىق، بەتبەختلىك، قەست ئۇلارنىڭ ئۆمرىگە پاجىئەلىك خاتىمە بەرگەن. ئەپسۇسكى، سىلەر ئۆز قىلمىشىڭلاردىن زەررىچە ساۋاق ئالمىدىڭلار. تائەت - ئىبادەت بىلەن ئاللانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولدۇڭلار. ئەي ئادەملەر، سىلەر نېمىدېگەن مەك-كار! ئاللا تائەت - ئىبادەتنى ئادەملەرنىڭ دىللىرىنى بىر - بىرىگە مۇستەھكەملەش، ئۆزئارا مۇھەببەت ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ چۈشۈرگەنىدى. سىلەر بولساڭلار بۇنى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇرۇش-نىزاھ، قىرغىنچىلىق، قۇللۇق - سانقۇنلۇققا ۋاستە قىلدىڭلار. ئاقىۋەتتە سىلەر شۇنداق بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدىڭلاركى، ھەقى-قەتنى — چىن خۇدايىڭلارنى ئۇنتۇدۇڭلار. بەزىلىرىڭلار ئەمەل - مەنسەپنى خۇدا تۇتتۇڭلار. بەزىلىرىڭلار پۇل - مالنى خۇدا تۇتتۇڭلار. سىلەرگە ھېسابسىز لەنەتلەر بولسۇن! — شەيتان سىلەرنىڭ خۇدايىڭ-لار بولدى. شۇ نەپرەتلىك دەقىقىلەردىن باشلاپ شەيتاننىڭ قارا بايرىقى زېمىنىڭلارغا قادالدى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئادەم يارالغاندىن بېرى مېھرىبان خۇدانىڭ بىر تامچە كۆز يېشى زېمىنغا تامچىپ چۈشتى.

پەرىشتىلەر باشلىرىنى تۆۋەن قىلىشتى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

مەلىكبايىنىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بايىقى جاھىلانە روھىي ئىسيانكارلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ھەتتاكى ئۇ ئۆز روھىيىتىدە بىردىنلا روي بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن مەڭدەپمۇ قالدى. لېكىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى قىل سىغماس ھەق سۆزلەر ئىدى. شۇندىلا مەلىكباي ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ۋىجدانىي ئازاب دېگەن نەرسىنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ دەمدە ئۆتۈۋاتقان ھەربىر دەقىقىلەر مەلىكبايغا ئەسىرلەردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇنداق نومۇسلۇق، چىداپ تۇرغۇسىز دەقىقىلەرنىڭ چاپسانراق ئاياغلىشىشىنى، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا خۇدانىڭ پەرمانى ئورۇندىلىپ، خۇددى ئىلگىرى يارىتىلىپ باقمىغاندەك ھەم ياشىمىغاندەك ئىككى ئالەمدىن يوق بولۇپ كېتىشىنى خۇدادىن تىلەپ كەتتى. لېكىن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مەلىكباينىڭ بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، پانىي ئالەمدە ھەقىقەت ئەزەلدىن — يارالمىشتىنلا ئادەملەرنىڭ ئۆز قولىدا، يۈرىكىدە مەۋجۇت ئىكەن. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالغان ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل چاكىنا، ساختا باھانە - سەۋەبلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ.

ناھايەت، پەرىشتىلەر مەلىكبايغا خىتاب قىلدى:

— بېشىڭنى كۆتۈر، بەندە!

مەلىكبايغا پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى سىلىقلىشىپ، مۇلايىملىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

— بېشىڭنى كۆتۈر، ئۆز ئاياغ ئاستىڭغا — ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن زېمىنىڭغا قاراپ باق. نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

مەلىكباينىڭ ئەتراپىدىكى قارامتۇل، قويۇق تۇمانلار ئەمدىلىكتە ئەينەكتەك سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆزى مۇئەللەقتە دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ پەسكە شۇنداق بىر قارىدىيۇ، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىلى تۇتۇلۇپ كەتتى.

مەلىكباينىڭ تۇغۇلۇپ كۆز ئاچقان، كىندىك قېنى، ئۆمۈرلۈك

مېھنەت تەرى تۆكۈلگەن ئاشۇ بىر پارچە قەدىردان زېمىن دەھشەتلىك دېڭىز كەبى گۈرۈلدىگەن بىر ئۇلۇغ ئوت — يانغىن ئىچىدە قالغاندى.

— مانا بۇ سىلەرگە بېرىلگەن جازا،— پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراقلاردىكى ئەكس سادادەك تۇيۇلدى،— مانا بۇ سىلەرگە بېرىلگەن جازا. سەن خۇدانىڭ كىتابىدا خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاجايىپ قىسسىنى بىلەمسەن؟ ئالەم يېڭى يارالمىشتا سەدۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولغان. خۇدا سەدۇم شەھىرىنىڭ خەلقىگىمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مۇنبەت زېمىننى، تۈگىمەس بايلىقنى ئاتا قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇلار يارانقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلدى. خۇدا شۇندا ئىككى پەرىشتىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ، دەھشەتلىك بىر تاۋۇش بىلەن سەدۇم شەھىرىنى خەقلىرى بىلەن قوشۇپ كۆمپەيكۈم قىلغانىدى. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن سەدۇم شەھىرىنى ھالاك قىلغان ئاشۇ ئىككى پەرىشتە مانا بىز ئىدۇق. ئەمدى شەپقەتلىك خۇداغا، بىزمۇ ھەم بارچە كۆللى ئالەم ھېچ خالىمىغان بۇ دەھشەتلىك قىسمەت سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشتى. زېمىنىڭلاردىكى شۇ ئۇلۇغ ئوت — يانغىن سىلەرنى ھەم سىلەردەك بىر گۇناھكار خەلقنىڭ شۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى كېيىنكىلەرگە ئەسلىتىدىغان ھەممە ئىز-نىشانلىرىڭلاردىن تارتىپ كۆل قىلىپ ئىككى ئالەمدىن ئەبەدىي يوق قىلغۇسى!

ئەپسۇسكى، ئەي بەندە! ئەپسۇسكى، سەن يەر يۈزىدىكى، خۇدانىڭ جازاسىغا تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغۇچى ئىدىڭ. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدىڭ، ھەتتاكى ھازىرغىچە ھايات تۇرۇپسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ سەن يەر يۈزىگە يەنە بىر مەرتە قاراپ باق. كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارىغىنكى، يەنە نېمىنى كۆردۈڭ؟

مەلىكباي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان زېمىنغا سەپسالدى. ئۇ بىردىنلا كىچىككىنە بىر پارچە زېمىننى — ئادەم كۆزىچىلىك كېلىدىغان ئويمانلىقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يەر

ئوت — يانغىندىن مۇستەسنا هالدا تېخىچىلا هاياتىي كۈچ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان يېشىللىق بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ يەر مەلىكىبايغا شۇنچە تونۇش بىلىنىدى. لېكىن، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئۇ سېنىڭ كەندىرلىكىڭ!—پەرىشتىلەر قەھر- غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى،— ھەم سېنىڭ پانىي ئالەمدىكى دوزىخىڭ! ئاللا ئەسلىي ئۇ يەرنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن نېرى قىلىپ تاكى قىيامەت- كىچە شۇ پېتى ساقلاپ قېلىشنى ئەمىر قىلغان. چۈنكى، ئۇ يەر پەرۋەردىگار جەننەت ئېشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن ھېلىقى كىشىنىڭ قەبرىسى ئىدى! ۋەھالەنكى، سەن قەبرە ئۈستىگە ئاللا ئەڭ نەپرەت ئوقۇيدىغان شەيتاننىڭ زەھەرلىك ھىيلە - مىكىر ئۇرۇقىنى چاچتىڭ — بۇ زېمىندىكى ئەڭ پاك جاينى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن بۇلغىدىڭ!

پەرىشتىلەر قوللىرىدىكى زاكون تاياقلىرىنى شۇنداق بىر سىلكە- شى بىلەن تەڭ كەندىرلىكتىن گۇمبۇرلەپ بىر ئۇلۇغ يانغىن كۆتۈ- رۈلدى. ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەككە ئۆرلەپ شۇنداق دەھشەتلىك كۆيۈشكە باشلىدى. كۆك قەرىدىكى قارامتۇل بۇلۇتلارمۇ قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

— ئاللا خالىغان بىر كۈنى يانغىن ئۆچىدۇ، زېمىن ئەسلىي قىياپىتىگە يانىدۇ. شۇ چاغدا پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا ئۆزىگە ھەم يارىتقۇچىسىغا يۈز كېلەلىگۇدەك يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ. لېكىن، سەن ياشايسەن مەلىكىباي، تاكى قىيامەتكىچە ئۆلمەيسەن، كەندىرلىك- تىكى ئوتمۇ قىيامەتكىچە — ئىسراپىلنىڭ بۇرغىسى تارتىلغۇچە ئۆچ- مەيدۇ. سەن شۇ ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيىسەن، يا قېچىپ چىقىپ كېتەل- مەيسەن ياكى ئۆلمەيسەن، تاكى قىيامەتكىچە! مانا بۇ ساڭا ئاللانىڭ بەرگەن جازاسى.

پەرىشتىلەر زاكون تايىقى بىلەن مەلىكىباينىڭ مەيدىسىدىن ئىت- تىرىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈ- رەلمىدى. قوللىرىنى ھەر تەرەپكە شىلتىپ تۇتۇۋالغۇدەك بىرنەرسە ئىزدىدىيۇ، ھېچ نەرسە ئىلىناشمىدى. ئۇ مۇئەللەقتىن پۇلاڭلاپ چۈ-

شۇپ كەتتى. مەلىكباي ھاۋادا شۇڭغۇپ، يەر يۈزىگە يېقىنلاشقانسېرى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا چىداپ بولغۇسىز بىر كۆيۈك ئازابى يامرىدى. ئۇ بۇنىڭغا ھېچ بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە ، ئوق تەگكەن ياۋا توڭگۇز-دەك ۋارقىرىۋەتتى …

*　　*　　*

مەلىكباي ۋارقىراپ شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغانىدى. شىرشىم قۇرۇشقا باشلىغان ياغلىق كەندىرلەر پاراسلاپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. مەلىكباي بىر-دەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، چاپىنىنىڭ پەشلىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى چۈمكەپ، بىرلا ۋارقىراپ ياۋايى ھايۋان كەبى ئۆزىنى ئوت ئىچىگە ئاتتى. مەلىكباي ئوت ئىچىدە يىقىلىپ ـ قوپۇپ، دومى-لاپ ـ ئۆمىلەپ يۈرۈپ مىڭ بالالىقتا يارداڭلىقنىڭ ئۇستىگە چىقىۋال-دى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئىككى چېكىسى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىپ، كۆزلىرى چانىقىغا پاتماي قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا ئورۇق، قېرى ئات قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ يارداڭلىق ئىچىگە قادىلىپ قېتىپ قالغانىدى. يارداڭلىق قىپقىزىل ئوت ـ يالقۇن دەستىدە ۋەھىمىلىك گۇرۇلدەيتتى. كۈنپې-تىش تەرەپ ئاسمان گۈمبىزىنىڭ تەڭ يېرىمى قىزىرىپ توغراقلىق ئىچىگە گۈگۈم يېيىلىشقا باشلىغانىدى.

بىردىنلا مەلىكباينىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ۋاژىلداپ ئېچىشىپ ئاغ-رىشقا باشلىدى. ئۈزۈن چاپىنىنىڭ يەڭ ـ پەشلىرى كۆيۈكتىن سار-غىيىپ كەتكەنىدى. لىپمۇلىق نەشە قاچىلانغا ئېغىر خۇرجۇن تېخىچە ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلدى. ئۆزى-نىڭ كىملىكىنى، قانداقلارچە كەندىرلىكتە ئۇخلاپ قالغىنىنى، قابا-ھەتلىك چۈشنى ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەدىنى لەسسىدە بوشىشىپ ئورنىدىلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ۋىجىك بەستى تېخىمۇ پۈكۈلۈپ، قورۇلۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئۇزاقىچە دىرىلدەپ تىترەپ تۇردى. خېلىدىن كېيىن مەلىكباي بېشىنى كۆتۈردى. يۈز - كۆزلىرى ياشتىن ھۆللەنگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدا غەزەپ - نەپرەتتىن ئۆرتەنگەن يېڭى بىر ئىسيانكار روھ باش كۆتۈرمەكتە ئىدى!

مەلىكباي بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. نەشە قاچىلانغان ئېغىر خۇرجۇننى پۈتۈن كۈچى بىلەن يارداڭلىققا — گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان قىپقىزىل ئوت ئىچىگە پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى، ئاندىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

1998- يىل 11- ئاي

# تۆمۇر قەپەس

ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ئۇچۇپ شەھەرگە كىرىپ قالدى. ئەسلى ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىش نىيىتى يوق ئىدى. توغرىسىنى ئېيتساق، شەھەر دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ياۋايى ھاي- ۋانلارمۇ ماكان تۇتمايدىغان تاقىر تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتتۈۋىدى، كۆز ئالدىدا بىردىنلا شەھەر دېگەن تىلسىمات نامايان بولدى. ئۇ شىددەت- لىك دولقۇن قىيا تاشقا ئۇرۇلغان كەبى قاناتلىرى سۇنغۇدەك زەرب بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتى. ۋەھشىي لاچىن كۆك قەرىدىن ئوقتەك شۇڭغۇپ چاڭگال سالاي دېگەندە، ئۇ ئاشۇنداق قۇتۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى قانچە يۇقىرى ئۆرلىسە خەتەر ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلىشىدى- غاندەك خېلىدىن كېيىن توختىدى. كىچىككىنە يۈرىكى پوكىنىنى يېرىپ ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك شىددەت بىلەن دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتات- تى. ۋەھالەنكى، قاپقارا بەھەيۋەت شەھەر ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ زو- رىيىپ قالغاندەك كۆز ئالدىدا لاللىيىپ ياتاتتى.

ئۇ ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتكەچ، ھاۋادا ياي ھاسىل قىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇنداق غارايىبات كۆڭلىگە ۋەھىمە سالغان بولسىمۇ، ئەقلىنى لال قىلغانىدى.

شەھەر بەئەينى تۆت چاسا غايەت زور قورام تاشلارنى رەتلىك تىزىپ قويغانغا ئوخشايتتى، تاشلارنىڭ يان - يانلىرىدا ھېسابسىز پارقىراق كۆزلەر قورقۇنچلۇق ۋالىلداپ تۇراتتى. ئايازدا سايغا كەل-

كۈن كەلگەندە نۇرغۇن تارماق ئېقىنلار ھاسىل بولىدۇ. شەھەردىمۇ ئاشۇ ئېقىنلاردەك ساناقسىز يوللار بار ئىدى. ئۇ شۇنداق سەپسېلىپ چۆچۈپ كەتتى. ئەييۇھانناس! يوللارغا سىغماي قىمىشىپ يۈرگىنى قانداقتۇر ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلار بولماستىن، بەلكى ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنچە ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئاياغ باسقان يەردە قىيامەت قايناۋاتىتتى، ئورماندىكى ئەڭ ۋەھشىي جانىۋارلارمۇ بۇ يېڭىلمەس، ئەشەددىي كۈشەندىسىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتى. ئۇلارغا زىنھار يېقىن يولىمايتتى.

ئۇنى سۈر باستى، بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن يىراق تۇرمىسا ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك بولدى.

يىراق، شۇ چاغ ئۇ ھەيرانلىقتىن ھاڭۋېقىپ قالدى. بىر توپ كەپتەر — پۇتۈن سىن - تۇرقى ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر توپ كەپتەر شەھەر ئىچىدىن توپتوغرا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە چىنپۈتمەي قالدى. ئادەملەرنىڭ ماكانىدا كەپتەرلەر نېمە قىلسۇن؟ ئادەم دېگەن ھىيلە - نەيرەڭلىرى كۆپ مەخلۇق، ئۇنىڭغا جادۇ قىلغان بولمىسۇن يەنە.

كەپتەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. كەينىدىن غەلىتە گۇڭگۇلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ھەممىسىنىڭ تۇرقى ئوخشاش بولسىمۇ رەڭگى ھەر خىل ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق رەڭگارەڭ ئۆز كەپتەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

كەپتەر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىشىگە ئۇ تېزلىك بىلەن تاغ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. كەينىدىن گۇڭگۇلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بارغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ تېخىمۇ تېز ئۇچۇپ، بىردەمدىلا ئۇلارنى خېلىلا ئارقىدا قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇچتى، ئاندىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئارقىغا ياندى.

ئۇنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. شەھەرنى يوشۇرۇپ تۇرغان بۇ ئېزىتقۇ تاغلارنى ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆز ماكانىغا كېتىۋالسا بولاتتى.

قاناتلىرىدا كۈچ تېخى يېتەرلىك ئىدى. گۈگۈم چۈشكۈچە يېتىپ بېرىۋالالايتى. بىراق، ئۇمۇ ئۇچۇشتىن توختاپ قالدى. كۆكتە دائىرە ھاسىل قىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا بىردىنلا غەلىتە بىر ھەۋەس پەيدا بولغانىدى. بۇ ھەۋەس ئوت بولۇپ ئۇلغىيىپ ياش يۈرىكىنى قىزىتاتتى.

ئاشۇ مۇلايىم، چىرايلىق كەپتەرلەر بىلەن بىردەمگىنە بىللە ئۇچۇپ كۆرسە - ھە! ئۇلارنىڭ قايسى ئىقلىمغا تەۋە جانىۋارلار ئىكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ماكانىدا قانداق ئاۋۇنىدىغانلىقىنىڭ سىرىـ نى بىلىۋالسا.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ھېلىقى بىر توپ كەپتەرلەرنىڭ كەينىدىن شەھەر ئىچىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ بىلىدىغان ئادەملەر بىلەن بۇ جايدىكى ئادەملەر بىر جىنس ئەمەستۇر. ئورماندىكى نۇرغۇن جان - جانىۋارلار بىر - بىرى بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشايدىغۇ. شۇنىڭدەك بۇ جايدىكى جانىۋارلارمۇ ئادەملەر بىلەن ئىجىل - ئىناق ياشايدىغاندۇ؟ بولمىسا، شەھەردە كەپتەر نېمە قىلىـ سۇن؟

ئۇ بىردەمدىلا كەپتەر توپىغا يېتىشىۋالدى. بىراق، توپقا قېتىلىـ ماي خېلىلا ئارىلىق ساقلاپ ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ئادىتىنىڭ ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شېرىن چۈشتەك لەرزان، خىرامان ئۇچاتتى. ئۆزىدەك تېز، كۆك قەرىدە ئۇچمايتتى. شەھەرگە ئىچكىرىلىگەنسېرى ئۇنىڭ دىمىغىغا يات، سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ ئەزەلدىن تىڭشاپ باقمىغان تۇرلۇك - تۇمەن سادالار قايتىدىن ۋەھىمە سېلىشقا باشلىدى. تۆۋەندە شەھەر باغرىغا چەمبەرـ چاس تارتىلغان يوللاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئادەملەر بىلەن ئاللىـ قانداق مەخلۇقلار ئۇيان - بۇيان ئۇچقاندەك چېپىشىپ يۈرەتتى. ھەددى- ھېسابسىز كۆزلەر كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزنى چاقاتتى.

شۇ ئەسنادا، كەپتەرلەر پەسلەپ غايەت زور قاپقارا بىر قورام

تاشنىڭ ئۈستىگە گۈررىدە قونۇشتى. قورام تاشنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئۇنۇپ چىققاندەك شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر كىچىك تاش بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كەپتەرلەر سىغقۇدەك نۇرغۇن تۆشۈكلەر ئېچىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ بېرىسىدە ئاللىقانداق بىرنەرسە قىيپاش تىرەپ قويۇلغان بو-لۇپ، كەپتەرلەر دەل شۇ جايغا ئولىشىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن دانلاشقا باشلىدى.

ئۇ كەپتەرلەرنىڭ ماكانى ئەنە شۇ قورام تاشنىڭ ئۈستى ئىكەن دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئېھتىيات قىلىپ خېلى ئۇزاققىچە ئايلىنىپ ئۇچۇپ ئەتراپنى كۆزەتتى. قورام تاشنىڭ ئۈستىدە كەپتەرلەردىن باشقا ھېچقانداق جانىۋارنىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئاستا پەسلەپ ئۇلاردىن نېرىراق قوندى، ئاندىن دانلاۋاتقان كەپتەرلەر توپىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. كەپتەرلەردىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي دانلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاياغلىرىدا دانلار ماياقلىرىغا مىلىنىپ چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭمۇ نەپسى تاقىلداشقا باشلىدى. ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ - ئاچقانىدى. باشقا كەپتەرلەر توپى-نىڭ چېتىدىرەك دانلىدى، ئاندىن بارا - بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەپ-تەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تېز - تېز دانلاپ كەتتى.

ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق بىخۇدلۇق قىلمىغانىدى. قاچاندۇر بىر چاغ-لاردا، جىمى يەر - جاھان باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن مەزگىلدە ئەمدىلا قېتىنىۋاتقان قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشىپ، ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ ئوينىشى-ۋاتقاندا، خۇددى مۇشۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. غايەت زور بۈركۈت قانىتىدەك بىر قارا سايىنىڭ ئۆز ئۈستىدىن شىددەت بىلەن چۈشۈۋات-قانلىقىنى سەزدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي دانلىشىۋاتقان كەپتەرلەر توپىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئۇردى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھېلىقى قارا سايە ئۆزى بىلەن بىللە ئۇنى يەرگە بېسىپ چۈشتى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ قاپقارا، ئېغىر بىر

تورنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى كەپتەرلەر خۇددى كېسەل تەگكەندەك پوكىنىنى يەرگە چىڭ بېسىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. ئۇ شۇ ھامان قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ-ھۇرۇپ بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى تورغا قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى. بىراق، سىمدىن توقۇلغان ئېغىر تور يەرگە مىخلىۋېتىلگەندەك مۇس-تەھكەم ئىدى.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى تۆت چاسا كىچىك تاشنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

*　　　*　　　*

تور يىغىلىش بىلەن تەڭ بىنا ئۈستىدىكى كەپتەرخانىدىن بىر ئادەم ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالى ئارىنىڭكىدەك ئاپئاق، سۇزۇك يۈزىنى خۇشاللىق قاپلىغانىدى. ھېلىقى كەپتەر تور ئىچىدە باشقا كەپتەرلەرنى ئۇيان - بۇيان سۈرۈپ توختىماستىن ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى. تۆرقىدىن ئەزەلدىن تور ئىچىگە چۈشۈپ باقمىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئادەم تورنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. شۇنچە ئۇزاق يىل كەپتەر بېقىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇندىقىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدى. كەپتەرنىڭ بەستى ئادەتتىكى كەپتەرلەردىن خېلىلا زور بولۇپ، كەڭ قاناتلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ تورنىڭ ئالدىدا خېلىغىچە كۆزىتىپ ئولتۇرۇپمۇ بۇنىڭ قانداق تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمىدى.

نېمىلا بولسۇن بۇگۈن ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەنىدى. بۇنداق كەپ-تەرلەرنى بازاردا كەپتەرۋازلار پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي تالىشىپ سې-تىۋالاتتى.

ئۇ كەپتەرخانىغا كىرىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن تاشلاندۇق قۇش چاڭگىسىدەك ئەبجەقى چىققان بىر سىم قەپەسنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئاندىن سىم تورنىڭ بۇرجىكىدىن قول پاتقۇدەك قىلىپ

ياسالغان يۇمىلاق ئىشىكنى ئېچىپ، قولىنى تىقتى. كەپتەر تۇتۇق بەرمەي خېلى ئۇزاققىچە ئاۋارە قىلدى. ئۇ مىلىك تەسلىكتە كەپتەرنىڭ بىر پۇتىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى ـ دە، يەنە بىر قولى بىلەن تورنى كۆتۈرۈۋەتتى. تور ئىچىدىكى باشقا كەپتەرلەر گۇررىدە ھاۋاغا كۆتۈ-رۈلدىيۇ، لېكىن ئۇزاپ كەتمەي بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپلا قو-نۇشتى. ئۇ دەرھال كەپتەرنىڭ قاناتلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ يەرگە بېسىپ تۇرۇۋالدى. بىراق، شۇ چاغ ھېچ ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. كەپتەر بىردىنلا بېشىنى بۇراپ خۇددى ياۋايى شۇڭقاردەك جان- جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي قولىنى بوشاتتى. كەپتەر شۇ ھامان شىددەت بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى، كۆتۈرۈلدىيۇ، گويا ئوق تەگكەندەك ئۇنىڭ قولىدا ساڭ-گىلاپ قالدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن كەپتەرنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

ئەمدى كەپتەر قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي قاناتلىرىنى جانسىز كېرىپ ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بەدەنلىرى دىرىلدەپ تىت-رەيتتى. ئۇ دەرھال قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كەپتەرنى سولىۋەت-تى. قەپەسنىڭ ئىشىكىنى سىم بىلەن مەھكەم قىلىپ چىگدى، ئاندىن كەپتەر چوقۇلىغان قولىنى سىيلاپ كۆلۈمسىرىدى.

— ھە! قېنى، قىلە ئەمدى شوخلۇقنى.

بىراق، كەپتەر شوخلۇق قىلىش تۈگۈل مىدىر ـ سىدىر قىلماي پوكىنىنى يەرگە بېسىپ، تۇمشۇقىنى يوغان ئېچىپ ھاسىراپ ياتات-تى. ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. قەپەسكە يېقىن كېلىپ قولىنى شاپىلاقلاپ كەپتەرنى ئۈركۈتتى. كەپتەر چۆچۈپ سىلكىندىيۇ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— ۋاي ئاناڭنى... كاساپەت!

ئۇ پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ قەپەسنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ كەتتى.

كەپتەرنىڭ بىر پۇتى سۇنغانىدى. ئۇ قەپەسنىڭ قېشىدا پۇشۇل-داپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى. قېنى، بىرەر كېچە ئۆتۈپ باقسۇن، دەپ

ئويلىدى. بەلكى، پۈتى راستتىنلا سۇنۇپ كەتمىگەندۇ، مۇنداقلا قاي-رىلىپ كەتكەن بولسا ئەتىگىچە ئوڭشىلىپ قالار. بولمىسا، ئۇچار-قاناتقا پۈتنىڭ كارى چاغلىق.

ئۇ قەپەس ئىچىدىكى سۇ قاچىسىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ، بىر سىقىم دان چاچتى، ئاندىن قەپەسنى كەپتەرخانىغا ئېكىرىۋېتىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.

ئەتراپنى ئاستا - ئاستا گۇگۇم قاپلاشقا باشلىدى. ئۇ زىندانەك قاراڭغۇ كەپتەرخانىدا، تار قەپەس ئىچىدە جىمجىت ياتاتتى. قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن مىدىرلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى. كىچىككىنە بېشى زىڭىلداپ، ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى. پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ، دىرىلدەپ تىترەيتتى.

كەپتەرخانا ئىچىدە كەپتەرلەر ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ، قەپەسنى ھېلىلا ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ ئۇنىڭ جېنىنى قاق-شىتاتتى.

ناھايىتىمۇ ئۇزاقتىن كېيىن (ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدى) كەپ-تەرلەرمۇ تىنجىدى. شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىمۇ بېسىقىپ، جاھان تۈن سۈكۈناتىغا چۆمدى.

قەپەس كەپتەرخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغىلا كەپتەرلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىرنەچچە تۆشۈك بار ئىدى. شۇ يەردىن كەپتەر-خانىغا گۇڭگا يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. پەقەت ئاشۇ يورۇقلۇقلا ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئاتا قىلالايدىغاندەك تۇيۇل-دى. ئۇ قاقشاتقۇچ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، تۇمشۇق تىرەپ بىر پۈتى بىلەن ئۆرە بولدى. تۆشۈكلەردىن تۈن ئاسمىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىراق كۆك قەرىدە يۇلتۇزلار يىڭنە ئۇچىدەك پىلىلدايتتى. ئاي شە-ھەر ئاسمىنىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي ئىلدام ئۈزەتتى.

ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنىڭ قارا زۇلمىتى باسقان ئالىمى بىردىنلا

ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، باش ئۇستىدىلا خۇددى مۆجىزىدەك يۇلتۇزلار نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ئۇ كۆككە بېقىپ مەڭدەپ قالدى. يۇلتۇزلار پەقەت ئۇنىڭ ماكانىغىلا مەنسۇپ ئىدى. قانداقلارچە بۇ قاباھەتلىك جايلار پەيدا بولۇپ قالدى - ھە! بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قاتتىق ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. تومۇرلىرىدا بىر غايىبانە ياۋايى كۈچ تولۇپ تاشتى. گوياكى ئۆزىنى، لەنىتى تۆمۈر قەپەسنى پارە - پارە قىلىپ، يۇلتۇزلارغا ئەگىشىپ كۆك قەرىدە سۆيۈملۈك ماكانىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى.

ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۆمۈر قەپەسكە ئۇردى. شۇ ھامان ئارقىغا قاڭقىپ موللاقلاپ چۈشتى. چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن كىچىككىنە مېڭىسى ۋاراسسىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن، دەرھال ئۆرە بولۇپ ئالغا ئېتىلدى. ئارقىغا قاڭقىپ موللاقلاپ يىقىلدى. يەنە ئۆرە بولدى... يەنە يىقىلدى.

كەپتەرخانا ئىچىدە توزۇغان پەيلەر ئۇچۇشقا باشلىدى. كەپتەرلەر قورقۇنچقا چۈشۈپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا تىقىلىشىۋېلىشقانىدى.

ياۋا كەپتەر ئۆزىنى قەپەسكە توختىماي ئۇراتتى.

شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. ياۋا كەپتەر تامامەن ھالسىزلاندى. كۈچلۈك قاناتلىرىنى كۆتۈرگۈچىلىكمۇ ھالى قالمىدى. پوكىنىنى مۇزدەك قەپەسكە يېقىپ يېتىپ قالدى.

كۆكتە يۇلتۇزلار ئاندا - ساندا يىگىنە ئۇچىدەك پىلىلداپ ياناتتى. ئاي شەھەر ئاسمىنىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندەك ئىستۈتەكلەر ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي ئىلدام ئۈزەتتى.

كەپتەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئاپىرىدە بولغاندا — ئۇنى بۇ ئالەمدىن ئايرىپ تۇرغان كىچىككىنە شاكالنى يېرىپ چىققاندا خۇددى بۇگۈنكىدەك كېچە ئىدى. ئاي بىپايان ئورمانلىقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا تۇنجى

بولۇپ ئاينى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ ئاينى ئۆزىنى بۇ جاھانغا ئاپىرىدە قىلغان ئانىسىمىكىن دەپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ ئاينىڭ چېھرىنى كۆرسىلا تېپىرلايدىغان، ئۇچۇشقا ئىنتىلىدىغان بولدى. ئاخىر ئاشۇن-داق تېپىرلاپ يۈرۈپ يېتىلدى، قاناتلىرى قاتتى، بالدۇر ئۇچۇرۇم بولدى.

خۇددى ئۇ ئالەمگە كۆز ئاچقان ئايدىڭ كېچىدە، كۆككە، ئېگىز-گە، ئايغا قاراپ پەرۋاز قىلدى. لېكىن، تېزلا دەرمانىدىن كەتتى، ئىشەنچ قىلغان قاناتلىرى بوشاپ ئۇشۇقچە بىرنەرسىدەك بولۇپ قال-دى. ئۇرمانلىققا خۇددى بىر چالمىدەك چۈشۈپ كەتتى. ئاي ئۇنىڭ ئۇيلىغىنىدىنمۇ بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھامان بىر كۈنى پەرۋاز قىلىپ ئايغا قونۇشنى، قاشتېشىدەك گەردىشىدىن ئۆتۈشنى ئويلىدى.

مانا ئەمدىلىكتە بەختى قارا بولۇپ، پۈتلىرى سۇنۇپ، قاناتلىرى قايرىلىپ تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ھالسىز ياتماقتا.

شەھەر ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ئاي ھەم يۇلتۇزلارمۇ يېتتى. ئەتراپ تىنجىق، تۇم قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

زىنداندەك قاپقاراڭغۇ كەپتەرخانىدا، تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ياۋا كەپتەر تۇمشۇقىنى تىرەپ جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەمدى مىدىر-لىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. ئۇ شۇ تەرىزدە خېلى ئۇزاققىچە ياتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدا ياتقان پېتى قەپەسنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا تۆمۈر قەپەستىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرەل-گۈدەك ئەنە شۇ ئۆتكۈر تۇمشۇقلا قالغانىدى. باشتا ئاستا، جانسىز چوقۇلىدى. بارا - بارا ئاداققى ئۈمىدىنى، ھەممە غەزەپ - نەپرىتىنى تۇمشۇقىغا يىغىپ، پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن چوقۇلاشقا باشلىدى.

ياۋا كەپتەر زۇلمەت باسقان جىمجىت كېچىدە تۆمۈر قەپەسنى چوقۇلايتتى. تىنىم تاپماستىن، بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالماستىن

چوقۇلايتتى.

* * *

تاڭ يورۇشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆگزىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتە پەيدا بولدى، ئارقىدىن يۇزلىرى ئاپئاق، ئوماققىنە بىر ئوغۇل بالىنى ئۆگزىگە تارتىپ چىقاردى. بۇ چاغدا كەپتەرلەر بىنا ئۆگزىسىنى بىر ئالغانىدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى رەڭگارەڭ كەپتەرلەرنىڭ ئۇستىدە بىر ساماۋى مەنزىرە ھاسىل قىلىپ جۇلالايتتى. بالا خۇشال ۋارقىراپ، كەپتەرلەرنى ئۈركۈتۈپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ھېلىقى ئادەم بۇلارغا ئېرەن قىلماستىن، ئالدىراپ - تېنەپ قاراڭغۇ كەپتەرخانىدىن ياۋا كەپتەر سولانغان قەپەسنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ قەپەسكە شۇنداق سەپسىلىپلا قاتتىق چۆچۈگىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاڭغۇچە ئوغۇل بالىمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى. كەلدىيۇ، ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ دادىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى ھەم قولىغا مەھكەم يېپىشىپ ئاستا پىچىرلىدى.

— دادا، ئۇ ئۆلۈپتۇ.

ياۋا كەپتەر ئۆلمىگەنىدى. ئۇ پوكىنىنى مۇزدەك قەپەسكە يېقىپ، بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بىر كۆزى قۇيۇلغان، ئۆتكۈر، ئۇزۇن تۇمشۇقى تۇۋىدىن سۇنۇپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئەبجەق تۆمۈر قەپەسنىڭ ئۇششاق سىملىرى ئۇنىڭ بويۇن ھەم پوكىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىپ قانغا بويىۋەتكەنىدى. شۇ تۇرقىدا ياۋا كەپتەر دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقتىن يېرىم جان بولۇپ قالغان مەھبۇسنى ئەسلىتەتتى.

— ھەي! باغرى تاش ئادەم. بولدى بەس، ئەمدى مېنى بۇ تۆمۈر قەپىسىڭدىن ئازاد قىلىۋەت. تومۇرلىرىمدىكى ئىسسىق قانلىرىم ئېقىپ تۈگەي دېدى. كۈچ - ماغدۇرۇم قۇرۇپ، ئاخىرقى نەپىسىملا

قالدى. مەن سەن ئۇچۇن قەدىردان ئايىمدىن سەن ياقتۇرىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى تىلەي. ھەربىر قانات قاققاندا ساڭا مەدھىيە ئوقۇي. تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەت. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈچۈمنى توپلاپ، ئۆز ماكانىمغا ئۇچۇپ كېتىۋالاي.

— ۋاي ئىست! ئەسلىدە قاناتلىرىڭنى بوغۇۋەتسەم بوپتىكەن، — دېدى ئادەم.

— دادا، ئۇنى تاشلىۋېتەيلى، — دېدى ھېلىقى ئوغۇل بالا ئوماق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىرگىنچ بىلەن.

— ياق، ئوغلۇم. ئۇنى تاشلىۋەتمەيمىز. ياۋا كەپتەر دېگەن دورىلىق نەرسە. ئەتە شەنبە، ھەممىمىز ئارام ئالىمىز. ياۋا كەپتەرنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئاناڭنىڭ پۇتىغا ئېقىتىمىز. ئاناڭ بالكوندا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدۇ. ئىككىمىز ئۇنىڭ گۆشىنى قازانغا سېلىپ مەززىلىك شورپا قىلىمىز. شورپىسىنى مەن ئىچىمەن، گۆشىنى سەن يەيسەن. ياۋا كەپتەرنىڭ گۆشىنى يېسەڭچۇ، ئوغلۇم، ئاۋتوماندەك كۈچلۈك بولۇپ كېتىسەن.

ياۋا كەپتەر كۆن بويى پېژغىرىم ئاپتاپقا قاقلىنىپ، خۇددى بىر پارچە كۆل رەڭ تاشتەك مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى.

كەچمۇ كىردى. ھېلىقى ئادەم قايتا ئۆگزىگە چىقمىدى. ئاسمان شۇنداق بەترەڭ تۇس ئالغانىدىكى، نە ئاي، نە بىرەر تال يۇلتۇزنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.

ياۋا كەپتەر يەنىلا شۇ ھالدا ياتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ جىسمىدىكى تەبىئەت ئاتا قىلغان تىرىكلىكنىڭ ھەممە ئىزنالىرى تامام خاراب بولغانىدى. پەقەت ئەقىل - ئىدراك ئالىمىدىلا ئۆچۈۋاتقان چىنچىراغدەك ناھايىتىمۇ سۇس، غەلىتە ھېس - تۇيغۇلار ھۆكۈم سۈرەتتى، گاھ ئۆزىنى كىچىككىنە شاكالىنىڭ ئىچىدە كۆرەتتى. ساپسېرىق، يۇمران تۇمشۇقى بىلەن شاكالنى توختىماستىن چوقۇلاپ، يېڭى بىر ئالەمنى كۆرۈشكە تەقەززا بولاتتى، گاھ بەسلەمچى ھەمراھلىرى بىلەن كۆك قەرىدە ھەممە خېيىمخەتەرنى ئۇنتۇپ ئوقتەك ئۇزەتتى. ئورمان-

لىقىنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق توپىسىغا مىلىنىپ ئېغىنايتتى.

ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئېزىتقۇ — خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن نېرى قىلالمايتتى.

شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئۆتتىكىن، كۆك قەرىدىن ناھايىتى تونۇش بىر سادا كەلدى. ئۇ باشتا ئېرەن قىلمىدى، ساختا تۇيغۇمىكىن دېدى. ھېلىقى سادا بارا - بارا كۈچىيىپ، ئەمدىلىكتە ئېنىق ئاڭلاندى.

ياۋا كەپتەر چۆچۈپ ئەس - ھوشىنى يىغىپ، كۆزىنى ئاچتى. پۈتۈن جاھان ئاپئاق نۇرغا تولغانىدى. كۆكتە ھېسابسىز يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياناتتى. ئاي قېتىپ قالغاندەك جىمجىت تۇراتتى. ئادەتتىكىدىن خېلىلا چوڭىيىپ قالغانىدى. ئاينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قارا چېكىت پەيدا بولۇپ بارا - بارا پەسلەپ، يوغىناپ ئۇنىڭ باش ئۈستىگىلا كېلىپ قالدى. ئەسلىدە قارا چېكىتلەر ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى ھەمراھلىرى — قان - قېرىنداشلىرى ئىدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا كۈچقۇۋۋەت مەۋج ئۇرۇپ، ئۆزىنى زەرب بىلەن قەپەسكە ئۇردى. شۇئان تۆمۈر قەپەس پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئۇ ھەمراھلىرىغا قېتىلىپ ئاي تامان ئۇچۇپ كەتتى.

* * *

ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ھېلىقى ئادەم بىنا ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. كەيپى ناھايىتى سۇس كۆرۈنەتتى.

ئۇ قەپەس ئىشىكىنى ئېچىپ ئولجىسىنى ئالدى. ياۋا كەپتەر ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. ئۇ ياۋا كەپتەرنىڭ مۇزلاپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئۆلۈكىنى قولىدا تۇتۇپ، بىر ھازاغىچە پۇشۇلداپ تۇردى،

ئاندىن زەردە بىلەن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەتخانىغا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

ياۋا كەپتەر ئەسكى قولاقچىدەك شاختىن شاخقا ئۇرۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

2002- يىل 11- ئاي



# كىتەك بالىق

**بۇ بەك قەدىمكى — تۆمۈر ئالتۇندىن ئەتىۋار زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەن. تاھازىرغىچە ئارىدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئەۋلاد ئۆتكەنمىش.**

ئالەمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز ئۇلۇغ بىر دەريا ئۆتىدىكەن. دەريانىڭ سول قېتىدا سۇغا تېۋىنىدىغان خەلقلەر، ئوڭ قېتىدا ئوتقا تېۋىنىدىغان خەلقلەر ياشايدىكەن. سول قېتىدىكىلەر بېلىقچىلىق بىلەن، ئوڭ قېتىدىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن كۈنىنى ئالىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى «بېلىقچىلار» ياكى «تېرىقچىلار» دەپ ئاتىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇساتتىنلا جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلاپ دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا يامغۇر يا ئوقىدەك ۋىشىلداپ قۇيۇۋېتىپتۇ. كۆك قەرىدىن يەر - زېمىننى چاك- چاك يېرىپ، تاغۇتاشلارنى كۈمپەيكۈم قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا قارسىلداپ چېقىنلار چېقىپتۇ. دەريانىڭ ئىككى قېتىدىكى خەلقلەر ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆز ماكانلىرىغا مەھكەم بېكىنىپتۇ. ئۇلار «ئەمدى كۈللى ئالەم تامام بولىدىغان بولدى» دېيىشىپ ئۆز تەڭرىلىرىگە يىغلىشىپتۇ.

شۇ كەمدە «بېلىقچىلار» دىن بىر نەچچىسى دەريا ئىچكىرىسىدە بېلىق تۇتۇۋاتقانىكەن، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ بالايىئاپەتتىن ھەرقانچە

تىرىشىپ - تىرمىشىپمۇ قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. تاغ بەلدەملىرىدەك بەھەيۋەت دولقۇنلار ئۇلارنى ئوت - خەستەكلا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار جان - جەھلى بىلەن تىرىكىشىپتۇ. بارچە ئاماللار بىلەن قىرغاققا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ۋەھالەنكى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلاردىن بىرىلا مىڭ مۇشەققەتتە دەريا قىرغىقىغا چىقىۋالالاپتۇ. بىراق، بۇ جاي «تىرىقچىلار» ياشايدىغان ئوڭ قىرغاق ئىكەن. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇ ھايات قاپتۇ. ئەمدى ئۇ پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىشى كېرەك ئىكەن. بولمىسا بۇنداق دەھشەتلىك بوران - چاپقۇندا، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولمىغان تەقدىردىمۇ، توڭلاپ قېتىپ قالىدىكەن. ئۇ قاراڭغۇدا تېنەپ - تەمتىرەپ قىرغاق بويلاپ مېڭىپتۇ. تەلىيىگە ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر قەبرىستانلىققا چىقىپ قاپتۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور قورام تاشلار بىلەن مۇستەھكەم ياسالغان يۇملاق بىر ئىمارەت بار ئىكەن. ئۇ تاش ئەگمە ئىشىكتىن ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، ئىمارەت ئىچىدە ئىنس - جىنمۇ يوق ئىكەنۇ، كۇنچىقار تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ يېرىم غۇلاچ ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان تاش سۇپا ئۈستىدىكى تاش ئوچاقتا پىلىلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ سۇپا ئۈستىگە چىقىپتۇ. سۇپىغا ھايۋان تېرىلىرى سېلىقلىق ئىكەن. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ھېرىپ - چارچاپ ئۆلەر ھالەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە شۇ ھامانلا ئوچاق يېنىغا گۈپپىدە يىقىلىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەر بوران توختاپتۇ. بوز رەڭ بۇلۇتلار تاراپ، ئاسمان كۆك ياقۇتتەك سۈزۈلۈپ، جۇلالىنىپ كېتىپتۇ. دەريانىڭ ئىككى قېتىدىكى ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ تاغ - ئورمانلار ئۆز ئورنىدا بارمۇ - يوق دېگەندەك تۆت ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپتۇ.

دەريانىڭ ئوڭ قېتىدىكى «تىرىقچىلار» دىن بىر ئۇرۇق دەرياغا يېقىن جايدا ياشايدىكەن. چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسى ئۆگەننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىپ، قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇشۇپ

تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇق ئاقساقىلىنى «ئۆگەن» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار بوران - چاپقۇننىڭ توختىشىنى تەڭرىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئەتكىنى، ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ زور شاپائىتى، دەپ بىلىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى تەڭرىگە بىلدۈرمەك بولۇشۇپتۇ. ھەر خىل ھايۋاننىڭ ئەركىكىدىن توققۇز باش ئېلىپ ئۆگەننىڭ باشچىلىقىدا ئىبادەتخانىغا قاراپ مېڭىشىپتۇ. ئەسلىدە «بېلىقچىلار» دىن پالاكەتكە ئۇچرىغان ھېلىقى ئادەم كېچىدە پاناھلانغان ئىمارەت ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسى — مۇقەددەس جايى ئىكەن.

ئۆگەن ئىبادەتخانا بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىپلا تاش ئوچاقتىكى ئىلاھىي ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى، تاش سۇپىدا يېرىم يالىڭاچ ناتونۇش بىرىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكامىدا ئىلاھىي ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇش تەڭرىگە قىلىنغان ئەڭ زور ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىكەن. تاش سۇپا ئۈستىگە ئۆگەندىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىقىشى قاتتىق چەكلىنىدىكەن. بۇنداق قىلمىشنى يات ئۇرۇق تۇگۇل، ئۆز كىشىلىرى سادىر قىلسىمۇ ھەرگىز كەچۈرمەيدىكەن.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھېلىقى شورلۇق چەمبەرچاس باغلىنىپتۇ. شۇكەملەردە «بېلىقچىلار» دا ھەربىر ئۇرۇق ئۆز ئالدىغا خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش مەيدىلىرىگە ئەن سېلىۋالىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار شۇنى دەلىل قىلىپ ئۇنى «بېلىقچىلار» بىز «تېرىقچىلار» نىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادىمى دەپ ھېسابلاپتۇ. ئاقىۋەتتە، تەڭرىگە ئاتاپ قان قىلىنىدىغان توققۇز ھايۋاننىڭ قاتارىدا ئۇنىڭمۇ بېشى كېسىلىپتۇ. ئىبادەتخانا ئالدىغا 40 غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئىبرەت خادىسى ئورنىتىلىپ، ئۇچىغا ئۇنىڭ بېشى سانجىپ قويۇلۇپتۇ. باشسىز تېنىنى سالغا مەھكەم تېڭىپ دەريادا ئېقىتىۋېتىپتۇ.

دەريانىڭ سول قېتىدىمۇ «بېلىقچىلار» دىن بىر ئۇرۇق دەرياغا

يېقىن جايدا ياشايدىكەن. بېشى كېسىلگەن ھېلىقى شور پېشانە ئاشۇ ئۈرۈق ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئىكەن. بوران ـ چاپقۇن توختىشى بىلەنلا ئۇلار كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ يوقاپ كەتكەن كىشىلىرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن سالغا مەھكەم باغلانغان باشسىز جەسەتنى تېپىپتۇ.

ئۇرۇقتىكىلەر 40 كېچە ـ كۈندۈز ھازا ئېچىپتۇ. مەرھۇملارنىڭ ھايات چېغىدىكى ئېزگۈلۈكلىرىنى قوشاقلارغا قېتىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ.

دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ئۇرۇقتىكى ھەممە دەريا بويىغا توپ-لىنىپتۇ. شۇ تاپ ئەرلەرنىڭ يۈزى تۆمۈردەك قېتىپ، يۈرىكى غەزەپ ۋە خورلۇقتىن ئۆرتىنىدىكەن. چۈنكى، قاتىللار ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايانىكەن. ئۇلار دەريا بويىدا ناھايىتى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، جىمى ئالەمنى كۆكلەتكۈچى سۇ تەڭرىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلەردىن قىساس ئېلىپ، ئار ـ نومۇسىنى ئاقلىشى-غا مەدەتكار بولۇشىنى تىلەپتۇ.

جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق باسقان بىر كېچىسى «بېلىقچىلار» دىن قورقماس، جەڭگە ماھىر بىر توپ ئادەم كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئوڭ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. «تېرىقچىلار» نىڭ ھېلىقى ئۇرۇقىنى ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماستىن قورشاۋغا ئاپتۇ ـ دە، كېچە قاراڭغۇلۇ-قىدىن پايدىلىنىپ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپتۇ. قىر ـ چاپ تاڭ ئاتارغىچە داۋاملىشىپتۇ. «بېلىقچىلار» نىڭ قىلىچلىرى قان يۇ-قىدىن غىلاپلىرىغا سىغماي قاپتۇ. ئۇرۇقتىكىلەردىن بىرەر تىرىك جانمۇ بۇ بالا ـ قازادىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.

«بېلىقچىلار» تاش ئىبادەتخانا ئالدىدىكى خادىغا سانجىپ قويۇل-غان باشنى ئېلىپ كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ سول قاتقا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتىن قوشنا ئۇرۇقلار قاتتىق دەرغە-زەپلىنىپ «بېلىقچىلار» دىن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلىشىپتۇ. خۇددى شۇنداق بىر كېچىسى ئوخشاشلا ئۇسۇل بىلەن «بېلىقچىلار»

نىڭ ھېلىقى ئۇرۇقىنى قورشاۋغا ئاپتۇ. قىرغىنچىلىق تېخىمۇ ۋەھشىيانە تۈس ئاپتۇ. «تېرىقچىلار» بۇ ئۇرۇقتىكى جىمى جاننى تۈگەل قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيۋارانلىرىغا ئوت قويۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قەدىم ئاۋۋالدىن تىپتىنچ ئىككى قىرغاققا ئۇرۇش ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇرۇقى چېچىلىپتۇ. ئۆزئارا قىرغىنچىلىق توختىماي داۋاملىشىپتۇ. ئۆچمەنلىك تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپتۇ.

ئاقىۋەت، ئوڭ قاتتىكى بارلىق «تېرىقچىلار» بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ. چەپ قاتتىكى «بېلىقچىلار» مۇ بىر يەرگە توپلىنىپتۇ، ئالەم ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ.

ئۇلۇغ دەريانى پاسىل قىلىپ ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشى باشلىنىپتۇ.

ئۇرۇش شۇنچە دەھشەتلىك ئىكەنكى، دەريادا سۇ ئەمەس، قىپقىزىل قان بىلەن جەسەت ئاقىدىغان بوپتۇ.

ئۇرۇش 41 كېچە - كۈندۈز داۋام قىپتۇ. ناھايەت، پەلەك «تېرىقچىلار» نىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە مەغلۇبىيەت تامغىسىنى بېسىپتۇ. دەريانىڭ ئوڭ قېتىدا «بېلىقچىلار» قارا چۈمۈلىدەك يامراشقا باشلاپتۇ. «تېرىقچىلار» قېرىنداشلىرىنىڭ دۆۋە - دۆۋە جەسەتلىرىنى قالقان قىلىپ جان - جەھلى بىلەن تېرىكىشىپتۇ. خوتۇنلارمۇ ئەمچەكتىكى بالىسىنى دۈمبىسىگە تېڭىۋېلىپ جەڭگە چۈشۈپتۇ. قىساس، ئۆچمەنلىك ئوتى پەلەككە يېتىپتۇ. بىر ئەسەبىي روھ ئىنسانىي ئىدراكنى بەند قىلىپ، ئادەملەرنى غالجىرلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

غالىب «بېلىقچىلار» قىر - چاپ بىلەن «تېرىقچىلار» نى كۈنپېتىشقا سۈرۈشكە باشلاپتۇ، مەغلۇپلار دۆۋە - دۆۋە جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ چېكىنىپتۇ. ئۇلۇغ دەريانىڭ ئوڭ قېتىدىن ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە سوزۇلۇپ بىر قانلىق يول ئېچىلىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئاي نەچچە تولۇپ، نەچچە تۈتۈلۈپتۇ. ئاقىۋەت،

«تېرىقچىلار» دىن ئونلا ئادەم قاپتۇ. توققۇزى ئايال، بىرى ئەمدىلا ئۆمىلىگەن ئوغۇل بوۋاق ئىكەن. ئاي - يۇلتۇزلار ئۆچكەن بىر قاراڭغۇ كېچىسى ئۇلار تىلسىماتتەك ھەيۋەت بىر تاغ جىراسىغا قاپسىلىپ قاپتۇ. جىرانىڭ ئۆچىلى تەرىپى كۆككە بوي تارتقان تىغدەك ئۆتكۈر قىيالىق ئىكەن. ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا كۇمۇشتەك ئاپئاق بۇ-يۇك چوققا پارقىراپ تۇرىدىكەن. بۇنداق توسۇقتىن ئىنسان بالىسى تۇگۇل، ئۇچار قاناتمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىكەن.

قەبىھ دۈشمەنلەر ھېسابسىز مەشئەللەرنى كۆتۈرۈشۈپ، جىلغىغا لىق تولۇپ قورشاپ كېلىشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى 10 «تېرىقچى» نىڭ مۇشۇ ھەيۋەتلىك تاغ جىراسىدا تامام ھالاك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. توققۇز ئايال ئانىنىڭ قۇچىقىدا جاھانىنىڭ ئاچچىقلىرىدىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغۇل بوۋاققا تەشۋىشلىك قارىشىپتۇ. چۈنكى ئۇ، «تېرىقچىلار» غا باش بولغان ئۇلۇغ ئۆگەنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇشتى — ئىزباسارى ئىكەن. شۇ كەملەردە جەڭدە دۈشمەن ئاقساقىلىنى ئەسىر ئالسا تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى يەيدىغان ئادەت بار ئىكەن. شۇندىلا دۈشمەننىڭ تەن ۋە روھىدىن ئەبەدىي غالىب بولدۇق، دەپ ھېسابلىشىدىكەن.

توققۇز ئايال ئوغۇل بوۋاققا تەشۋىشلىك قارىشىپتۇ.

بۇ ھەقتە «تېرىقچىلار» نىڭ ئۇلۇغ ئۆگەنىمۇ ئۆلۈش ئالدىدا كېيىنكىلەرگە مۇقەددەس ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغانىكەن.

ئانا بوۋىقىنى كۆكسىگە مەھكەم بېسىپتۇ، كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەپتۇ.

ۋەھالەنكى، دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ، تېخىمۇ قىستاپ كېلىشكە باشلاپتۇ.

ئانا چايان چاققاندەك بىردىنلا ئەندىكىپ كەينىگە داجىپتۇ - دە، قوينىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە شىلتىپ، سەۋ-دايىلارچە خىرىس قىپتۇ.

— ياق! ... ئۆزۈم.

بوغۇق سادا قىيالاردىن ئېشىپ، پەلەك قەرىدىكى ئاپئاق كۆمۈش چوققىغىچە يېتىپتۇ.

ئانا بۆۋقىنى قۇچاقلاپ نېرىدىكى قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆ-تۈپ كېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي، ئۆتكۈر خەنجەرنىڭ ئادەم تېنىگە ئۆ-رۈلغان سالماق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ئەي! ئانىنىڭ بالىلىرى، ئەلۋەتتە، يۈرىكىڭىزلار تۇيغاندۇركى، قالغان سەككىز ئايال قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ نى ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ؟

دەر ھەقىقەت، ئانا شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانكى، خەنجەر بالىغا ئەمەس، ئۆز كۆكسىگە تا سېپىغىچە سانجىلىپتۇ.

سەككىز ئايال ھەم پۈتۈن ئالەم بىر لەھزە سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ.

شۇدەم قىيالار يۈكسەكلىكىدىكى ئاقۋاش كۆمۈش چوققا نۇرلى-نىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر نۇر ئاجرىلىپ چىقىپ ئۇلار تامان ئۇچۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇ نۇردىن ئاجايىپ يېقىملىق قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ھېلىقى نۇر ئوغۇل بوۋاقنىڭ يېنىغىلا كېلىپ توختاپتۇ. ئاياللار ئەس- ھوشىنى يىغىپ سەپسالسا، كۆمۈشتىن ياسالغان ئىنتايىن نە-پىس بىر بۆشۈك ئىكەن. بېشىغا ئېسىلغان ئالتۇن قوڭغۇراق توختى-ماي جىرىڭشىپ تۇرىدىكەن. بوۋاق بۆشۈككە ئۇمتۇلۇپتۇ. كۆمۈش بۆشۈك ھاۋادا لەيلەپ، ئاستا سىلجىپ قورام تاشنىڭ يېنىدىكى بۆرە ئىنىدەك بىر ئېغىزدىن كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاقمۇ گۇگۇراپ، ئۆمى-لەپ كۆمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپتۇ. ئاياللارمۇ ھەم بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ئۆزۈن كەتكەن بىر تاغ ئۆڭكۈرى ئىكەن.

سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق ئۆڭكۈر ئىچىدە كۆمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. كۆمۈش بۆشۈك ئۇلارنىڭ يولىنى سۈت-تەك ئاپئاق يورۇتۇپتۇ.

### كىتەك بالىق

بۇ جايدا قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان غايەت زور ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ شاخلىرى بىر ـ بىرىگە ئىرماش ـ چىرماش گىرەلىشىپ تا بوز بۇلۇتلارغىچە بوي تارتىپ تۇرىدىكەن. دەرەخلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، بىر كۈمۈش بۆشۈك ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېچە ـ كۈندۈز ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

ھەر يىلنىڭ ئاياز پەسلىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن. يىراقتىكى ئاقۋاش چوققىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ ئېقىنىدىكى بارلىق كىشىلەر ئاشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئەترا. پىغا توپلىنىدىكەن. مۇراسىمنىڭ بېشىدا كۈمۈش ساقاللىق ئۆگەن ھوقۇق ۋە قۇت — بىلىكنىڭ نىشانى بولغان گۈلدار ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشى پۈتۈلگەن قەدىم بىر قوشاقنى ئوقۇيدى. كەن. قوشاقتا:

زامانە ئەۋۋەلدە ئۇلۇغ دەريانىڭ ئوڭ ۋە قېتىدا ياشىغان «تېرىق. چىلار» ۋە «بېلىقچىلار» دەيدىغان خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇ. رىسىدا يۈز بەرگەن ئۇزاققا سوزۇلغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار، توققۇز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ تەڭرىتاغدىكى قاراڭغۇ جىلغىغا قاپسى. لىپ قالغانلىقى، بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ تۆكۈلگەن قېنى تەڭرىنى تەسىر. لەندۈرگەنلىكى، سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپ جەننەتسىمان بىر ماكانغا — تەڭرىنىڭ ئىرەمبېغىغا يېتىپ كەلگەنلىكى، شۇ يەردە كۈمۈش بۆشۈك قونغان مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ ئاۋۇغانلىقى ھېكايە قىلىنى. دىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن داغدۇغىلىق نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈ. زۈلىدىكەن. ھېسابسىز ماللار سويۇلۇپ، تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە تە. شەككۈر بىلدۈرۈلىدىكەن. كۈي ـ قوشاقچىلار ئەجدادلارنىڭ قەھرى.

مانلىق روھىنى مەدھىيىلەپ قىسسىلەرنى ئېيتىدىكەن. ئاقىنلار ئەپ-چىل سازلىرىنى چېرتىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئوقۇيدىكەن. پالۋانلار بەس - بەستە مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ سىنىشىدىكەن...

مۇراسىم شۇ تەرىقىدە توققۇز كۈن داۋام قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپىرىدىن ئادىشىپ، ئاچ - زېرىنلىقتا ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىر بەختسىز ئادەم كىتەك بالىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەڭرى ۋە ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغى ئىكەن. ھېلىقى ئادەم دەشت - باياۋان ئىچىدىن ئەرۋاھتەك چىقىپ كەپتۇ. ئۇستۇېشى قۇياش تەپتى ھەم ئىسسىق چۆل بورىنىدىن چىرىپ تىتىلغان، ئەزايىنى قان - يىرىڭلىق جاراھەتلەر قاپلىغان بولۇپ، تەلەتىنى بىر قۇچاق چېچى يېپىپ تۇر-دىكەن. يىرتقۇچ قۇش پەنجىسىدەك قاپقارا تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەت-كەن بارماقلىرىنى جۆنىپ خىرىس قىلىپ، پۇتلىرى بىلەن توپا چې-چىپ ھېچكىمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىكەن. كۆزلىرى ئىنسانىي ئىدراكنى يوقاتقان سەۋدايىلارغا خاس ئەسەبىي ياندىكەن.

كىشىلەر ئىككى پۇتلۇق بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭ-قىرالماپتۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەملەر ئارىسىغا ۋابا تارقىتىدىغان ئاسىي جىنپەرىلەر قوۋمىدىن بولمىسۇن دەپ ھېيىقىپتۇ.

شۇ ئارىدا ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ئىككى تۇپ مۇقەددەس دەرەخ-نىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا تىزىلغان نەزىر - چىراغلىق تائاملارنىڭ ھىدى-نى ئاپتۇ - دە، ئالىتاغىل توۋلىغىنىچە توپنى يېرىپ شۇ ياققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تائاملار ئۇستىدە دۈم يېتىۋېلىپ ئىككى قولى بىلەن ئاغزىغا كەپلەپ تىقىشقا باشلاپتۇ.

شۇندىلا كىشىلەر ئۇنىڭ چۆل - باياۋاندا يولدىن ئادىشىپ ئاچلىق ئازابىدىن ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان بىر سودىگەر ياكى شور پېشانە سەيياھ ئىكەنلىكىگە جەزم قىپتۇ. كىشىلەردىن بىرنەچچىسى ئالمان-تالمان يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى مىڭ تەسلىكتە سۇپىدىن نېرى قىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاچلىققا ئوخشاش توقلۇقنىڭمۇ ئىنساننى ئەجەلگە سۆ-

رەيدىغىنىنى بىلىدىكەن. ئۆزۈمدىن ياسالغان ھەر خىل شەربەتلەرنى ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. مۆجىزىكار ئەمچىلەر تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، سەۋدانى ھەيدەپ ئەقىل - ھوشىنى يىغىدىغان دورىلارنى شۇ ھامان يېگۈزۈپتۇ.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇ ئەس - يادىنى چىرمىۋالغان ئاچلىق ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئاستا - ئاستا ئادىمىلىككە قايتىپتۇ. ئۆزىنىڭ يىراق بىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ باي سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، نەچچە يۈز ئۇلاغلىق سودا كارۋىنىنىڭ چۆلدە يولدىن ئازغىنىنى، ھەمراھلىرىنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن بىر - بىرلەپ ئۆلگىنىنى، پايانسىز دەشت - باياۋاندا تەنها ئۆزى ياۋا ئوتلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ ئەجەل بىلەن قانداق ئېلىشقىنىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كىتەك بالىقلىقلارمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئاشۇنداق يۇمشاق ئىكەن. ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى باياشاتچىلىق ئىچىدە جاپا تارتماي ئۆتكەن كىتەك بالىق كىشىلىرى ئادەمنىڭ بېشىغا شۇنداقمۇ ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ چۈشىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ سودىگەر شۇ يۇرتتا تۇرۇپ قاپتۇ. ئۆگەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ياسىداق سارىيىنى ئۇنىڭغا جابدۇپ بېرىپتۇ. خىزمىتىگە خاس ئەمچى، ئاشپەز، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپتۇ. ئۇلار سودىگەردىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايدىكەن. شۇنىڭغا يارىشا، ئۇ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ.

سودىگەرنىڭ مۇنداق بىر غەلىتە ئادىتى بار ئىكەن. ھەر كۈنى سەھەر، ئاخشام ھېلىقى ئىككى تۈپ مۇقەددەس دەرەخنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىدىكەن. ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ شاخلار ئارىسىدىكى ۋىل - ۋىل ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرغان كۈمۈش بۆشۈككە، توختىماي جىرىڭشىپ تۇرغان ئالتۇن قوڭغۇراققا نەچچە ئاش پىشىمغىچە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قېتىپ قاراپ تۇرىدىكەن. ئۆتكەنكەچكەنلەردىن «بېلىقچى» ۋە «تېرىقچى» دېگەن خەلقلەر، توققۇز

ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق، ئالتۇن قوڭغۇراق ئېسىلغان خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈك، مۇقەددەس دەرەخ ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى ياندۇ- رۇپ - ياندۇرۇپ سورايدىكەن.

ۋەھالەنكى، كىتەك بالىق كىشىلىرى بۇنىڭدىن زەررىچە غەلىتە- لىك ھېس قىلمايدىكەن. سودىگەرنىڭ كىتەك بالىقلىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشىگە، ئەڭگۈشتەرى بولغان خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈككە بولغان ئىخلاسىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ سودىگەر سەللىمازا ئەسلىگە كەپتۇ. ئۆز ئېلىگە قايتماق بوپتۇ. كىتەك بالىقلىقلار 10 تۆگىگە ئوزۇق - تۈلۈك، سوۋغا - سالام تەييارلاپتۇ. شۇ قىسقىغىنە كۈنلەردە ئۇلار بۇ مۇلايىم سودىگەر بىلەن ئىچەكىشىپ كەتكەنىكەن، خوشلاشماق ئېغىر توختاپ- تۇ. سودىگەر مېڭىش ئالدىدا كىتەك بالىقلىقلارغا قايتا - قايتا تەزىم قىلىپ كۆز يېشى قىپتۇ. تەڭرى ئىرادە قىلسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتقا كېلىپ قۇتقۇزغۇچى خەيرخاھلارغا ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇ- رىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەملەر ئىچىپتۇ.

پەلەك چاقى چۆرگىلەپ شۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ھېلىقى سودىگەر يەنە پەيدا بوپتۇ. ئاۋۋالقىدەك ئاۋارە ھالەتتە ئەمەس. ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان يۈزلىگەن ئات - تۆگىلەر بىلەن بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك ئونچە ھەمراھىنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ. كىتەك بالىقلىقلار سودىگەرنى تونۇپ، ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندا- شى بىلەن دىدار كۆرۈشكەندەك خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ئۆگەن ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان قائىدە - يوسۇن بويىچە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ئۇلارنى ئىززەت - ئېكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

مېھمانلار ئۆگەننىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. دەريانىڭ باش - ئايىغىدىكى ئورۇق - ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا خەۋەرلەر بېرىلىپتۇ.

تاڭلا كۈنى، سودىگەر ۋە ھەمراھلىرىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىيا-

پەت ئۆيۈشتۈرۈلۈپتۇ. زىياپەتنىڭ داغدۇغىسى كىتەك بالىقلىقلارنىڭ نەزىر - چىراغ مۇراسىمىدىنمۇ قىلىشماپتۇ.

زىياپەت راسا ئەۋجىگە چىققاندا، سودىگەر ئۆگەندىن ئىجازەت سوراپتۇ. زىياپەت سورۇنىدىن بىر كىچىك سەينا هازىرلىنىپتۇ. سودىگەر ۋە ئۇنىڭ هەمراھلىرى ئاشۇ كىچىك سەيناغا كىتەك بالىقلىقلارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى توشۇشقا باشلاپتۇ. توپ-توپ تاۋار - دۇردۇنلار، ئۇنچە - مەرۋايىتلار قادالغان ئېسىل يىپەك تونلار، كۇمۇش پەتنۇسلارغا تىزىلغان ئالتۇن يامبۇلار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جاۋاھىرات تاشلار، شىپالىق، خۇشبۇي دورا - دەرمەكلەر... هاي - هاي! كىتەك بالىقلىقلار ئەس - هوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا ئالەمنىڭ مۆجىزاتلىرى كۆز ئالدىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئاخىرىدا، سودىگەر بىلەن هەمراھلىرى ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن يوغان بىر قارا كۇپنى ئۆگەننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل كىتەك بالىقلىقلارغا ئىنئام قىلغان ئەرزىمەس سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىشقايلا، — دەپتۇ تەزىم قىلىپ.

تېرىقچە ياخشىلىققا ئالەمچە جاۋاب ياندۇرۇلسا نېمە دېسۇن. كىتەك بالىق كىشىلىرى هەيرەتتىن گاچا بولۇپ قاپتۇ. ئاق چاچلىق ئۆگەنمۇ دەمال تەشەككۇرگە لايىق سۆز تاپالماپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىڭلارنىڭ سېخىيلىقىغا ئاپىرىن، — دېيەلەپتۇ بىر هازادىن كېيىن.

سودىگەر يەڭلىرىنى تۇرۇپ هېلىقى قارا كۇپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇئان كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۇر بىر هىد ئۇرۇلۇپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىمىز يەتتە ئىقلىمدىكى پىر - ئەۋلىيالارنى يىغىپ يەتتە يىل ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ ئاخىر جاھاننىڭ غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەبەدىي قېرىماسلىقنىڭ سىر - هېكمىتىگە يەتتى. شىپالىق دورا ياساپ قارا كۇپلەرگە قاچىلىدى. ئۇنى «شاراب» دەپ

ئاتىدى. كىمەرسىكى، ئۇشبۇ شارابتىن ھەر دائىم ئىستېمال قىلىپ تۇرسا، مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولۇپ، ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەت-كەي!

سودىگەر شۇنداق دەپ لىق بىر ئاپقۇر شارابنى ئالدى بىلەن ئۆگەنگە تۇتۇپتۇ.

كىتەك بالىق كىشلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۇزۇمدىن رەنجىگە شىپا، تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان شېرىن ئىچىملىكلەرنى ياساپ ئىچىدىكەن. ھېچ ئىقلىمدا بۇنىڭدىن چارە ئېسىل نەرسە يوقتۇر، دەپ ئويلىغانىكەن.

ۋەھالەنكى، «شاراب» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىچىم-لىك ئۇلارنىڭ ئەقلىنى لال قىپتۇ. خېلى كۈنلەرگىچە ئاشۇ بىر ئاپقۇر (زىياپەت ئەھلىگە پەقەت بىر ئاپقۇردىنلا تەقسىم بولغانىكەن) شارابنىڭ جەننەت ھۆزۈرى بەخت ئەتكۈچى شېرىن كەيپىنى سۈرۈپ-تۇ.

سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆز مەملىكىتىگە قايتماق بولۇپ-تۇ. كىشلەر ئۆز ئىلكىدە بارىكى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇملاردىن 40 تۆگىلىك سوۋغات تەييارلاپتۇ. ئۇزىتىش مۇراسىمىدا ئۆگەن سوۋغات-لار ئارتىلغان باش تۆگىنىڭ قىزىل ئارغامچىسىنى ئالتۇن پەتنۇسقا قويۇپ، سودىگەرگە ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن سۇنۇپتۇ.

سودىگەر يەر ئۆپكۈدەك تەزىم قىلىپ تەشەككۇر ئېيتىپتىيۇ، ئارغامچىنى ئالماپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ پەرمانى شۇنداق. ئەگەر يىپ چاغلىق سوۋغات قوبۇل قىلساق بېشىمىز بىلەن جاۋاب قىلىمىز،— دەپتۇ سودىگەر كىشلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ.

ھۆرمەتكە ئىززەت، ئېزگۈگە جاۋاب ياندۇرماق ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان ئادەت ئەمەسمۇ؟

— ئالەمدە چىن دوستلۇقتىن چارە سوۋغات بولامدۇ،— دەپتۇ سودىگەر قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ،— ئۇلۇغ شاھىمىز دوستلۇقنى

ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ بىباھا سوۋغاتنى سىلەر بىزگە تەقدىم ئەتتىڭلار. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. شاھىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستىكى شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن مەشرىقتىكى بۇ ئىككى ئەل ئەۋلادمۇئەۋلاد قان - قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈشسە.

بارلىق كىشىلەر بىر ئېغىزدىن ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ.

شۇ چاغ سودىگەردە ئاجايىپ بىر تەشۋىشلىك ھالەت روي بېرىپتۇ. ساقىلىنى سىيلاپتۇ، گېلىنى قىرىپتۇ. ئاخىر يۈزىنى توسۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىلتىماسى بار ئىدى. ئېيتىشتىن ئۇيىلىۋاتىمەن،— دەپتۇ.

كىتەك بالىلىقلار شۇنچە مۇرۇۋۋەتكە قانداق تەشەككۈر ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، تېنىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ بېرىشكىمۇ تەييار ئىكەن.

— ئۇلۇغ شاھىمىز جاھان مۆجىزاتلىرىغا ئىخلاس باغلىغان كىشى بولغاچ،— دەپتۇ سودىگەر،— پىر - ئەنبىيالىق يولىنى تۇتۇپ، ئۆمرىنى شاھلىقتىن ئۆتە كۆللى ئالەمنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى يېشىشكە سەرپ ئەتكەنىدى. قاچانكى، شاھىمىز ئالتۇن تەختىنى تەرك ئېتىپ، ئېتىكاپخانىغا سولىنىۋالدى، ئاغزىغا گىياھ سالماس بولدى. بۇنىڭغا مەن شورلۇق سەۋەبچى بولدۇم. ئەقلى كۆتەلىك قىلىپ شاھ ئالدىدا خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈكنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ سالغان ئىكەنمەن. ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە پەسلەپ كەتتى. ئالۋۇن كەبى بىر سەۋدايى ئىشتىياق كېچە-كۈندۈز ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلىپ، يۈرىكىنى كۆيدۈرەر ئىدى. ئاخىر ئۇ پېقىرغا ئېيتتىكى: بارغىن، ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر چىن دوستلۇقىمىزنىڭ ئەبەدىي داۋام ئەتكۈسى قان - قېرىنداشلىقىمىزنىڭ نىشانى سۈپىتىدە خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈكنى بىزلەرگە تەقدىم ئەتمەسمۇ؟

ئۆگەن باشلىق كىشىلەرنىڭ بېشىغا خىجالەتنىڭ تېغى يىقىلىپتۇ. كۆزلىرى ئالدىدا بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ كۆكسىدىن تۆكۈلگەن قان،

سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق زاھىر بوپتۇ. قۇلاقلىرى تۇۋىدە ئاتا - بوۋىلارنىڭ خاسىيەتلىك كۇمۇش بۆشۈك ھەققىدە ئېيتقان مۇقەددەس ۋەسىيەتلىرى جاراڭلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ بېشى چۇشۇپ كېتىپتۇ. سېھىر - بەند ھۇرۇپ قاتۇرۇۋېتىلگەندەك ھېچقايسىسىدىن بىرەر ئېغىز سادامۇ چىقماپتۇ. سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ قايتا - قايتا تەزىم قىلغىنىنى، چۆل تامان ئۇزاپ بارا - بارا كۆزدىن غايىب بولغىنىنى سەزمەي قاپتۇ.

كىتەك بالىقلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدىكەنۇ، لېكىن يەنە كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىدىن يەنىلا ئۆزلىرىنى ئەيىبلەيدىكەن. گويا، ئادەمگەرچىلىككە مۇخالىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك دائىم غەش يۈرىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە نەق ئۈچ يىل ئۆتكەندە كىتەك بالىقلىقلار سودىگەر ئەمدى بۇ يۇرتقا ئاياغ باسماس دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەندە، سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە پەيدا بوپتۇ. كىتەك بالىقلىقلار شاد - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. تۇز كۆڭۈللەردىكى غەشلىك ھوردەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. مېھمانلار تەكلىماكاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغا، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىپتۇ.

زىياپەتتە قۇلاق ئىشىتمىگەن، كۆز كۆرمىگەن سوۋغاتلار ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئېگىز دۆۋىلىنىپتۇ. ئۇگەننىڭ ئالدىغا 40 قارا كۈپ تىزىلىپتۇ. سودىگەر دەپتۇكى:

— بىز ئىككى ئەل ئەبەدىي قېرىنداشمىز. شۇ ۋەجدىن، خەزىنەمىزنى ھەم جىمىكى خەزىنىدىنمۇ چارە تۇرىدىغان ئۇشبۇ ئەڭگۈشتەردىمىزنىمۇ سىلەردىن ئايىمىدۇق. ئالەمنىڭ بۇ يېگانە لەززىتىدىن بۇ يەردىكى ھەممە ئاۋام - پۇقرا بەھرە ئالغاي! پانىيدىكى ئازاب، كېسەللىك، قېرىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك رىيازەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەنبىيالىق مۇقامىغا يەتكەي!

كىتەك بالىقتىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئەر - ئايال ھەممىسى

«شاراب» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىچىملىكتىن ئېغىز تې-
گىپتۇ.

سودىگەر كېتەر چېغىدا كىتەك بالىق كىشىلىرىنى يەنە بىر
قېتىم خىجالەتنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپتۇ. كىتەك بالىق كىشىلىرى بۇ
قېتىم بىساتىدىكى ھەممە نەرسىنى دېگۇدەك سوۋغات قىلىپ 80
تۆگىگە ئارتقانىكەن، سودىگەر باش تۆگىنىڭ يىپەك ئارغامچىسى سې-
لىنغان ئالتۇن پەتنۇسقا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماپتۇ. كىتەك بالىق
كىشىلىرىدە بەرمىگەن نەرسىنى ھەرگىزمۇ قايتىلاپ سورىمايدىغان
ئادەت بار ئىكەن. سودىگەر ئەمدى بىزنى تەڭلىكتە قويماس دەپ
ئويلىغانىكەن.

ئۆگەننىڭ بېشى چۇشۇپ كېتىپتۇ. ئاپئاق ساقاللىرى ئالتۇن
پەتنۇسقا يېيىلىپتۇ.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سودىگەر ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، لام -
جىم دېمەي ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىتەك بالىق كىشىلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل
ھالەت روي بېرىشكە باشلاپتۇ.

ئۆگەن ھەر كۈنى ھېلىقى ئىككى توپ مۇقەددەس دەرەخنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىدىكەن. شاخلار ئارىسىدا ۋىل - ۋىل نۇر
چېچىپ تۇرغان كۈمۈش بۆشۈككە، توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان
ئالتۇن قوڭغۇراققا قاراپ قېتىپ قالىدىكەن. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان
ھالدا چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدىكەن. دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ ئېقىنىد-
دىكى ئۇرۇق - ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئۆگەننىڭ ئەتراپىغا بىر-
دىن - ئىككىدىن ئولىشىدىكەن. نەچچە ئاش پىشىمغىچە بېشىنى
يەردىن كۆتۈرمەي ئۆرە تۇرۇشىدىكەن، ئاندىن ئۈن - تىنسىز تارقى-
لىپ كېتىشىدىكەن.

ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتى بەئەينى تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ئازغۇن
ئەرۋاھلارغا ئوخشايدىكەن.

ھەر يىلى ئايازدا نەزىر - چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەنۇ،

داغدۇغىسى ئىلگىرىكىدەك كاتتا بولمايدىكەن. ئۆگەن ئەجدادلارنىڭ
ئۆتمۈشى سۆزلەنگەن قەدىم قوشاقنى ئوقۇغاندا تۇرۇپ ئازد-
دىكەن. ھاپىزلار قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى ئېيتقاندا ئاۋازى بۇرۇن-
قىدەك جاراڭلىق ئاڭلانمايدىكەن. ئاقىنلار سازلىرىنى چېرتىپ مۇڭ-
لۇق ناخشىلارنى توقۇيالمايدىكەن.
شۇ تەرىقىدە ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە سودىگەر يەنە پەيدا
بوپتۇ!
بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك قىممەتلىك سوۋغاتلار ئارتىلغان يۈزلى-
گەن ئات - تۆگە ۋە ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمەس، تەنھا ئۆزى
ئاتقا مىنىپ يۇرتقا كىرىپ كەپتۇ. قولىدا ئاغزى ھەم ئېتىلگەن
كىچىككىنە قارا كوزىنى كۆتۈرۈۋالغانىكەن.
— ئەي، قېرىنداشلىرىم، — دەپتۇ سودىگەر، — بۇ كوزىغا شا-
راب ياساشنىڭ سىر - ھېكمىتى قاچىلانغان. مانا بىز ئىلكىمىزدىكى
ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىزنى سىلەرگە بەخشەندە قىلماقچى بول-
دۇق. ھالبۇكى، سىلەر ئىنسانغا ھېچبىر مەنپەئەت بېرەلمەيدىغان
بىر ئەرزىمەس بۇيۇمنى بىزدىن ئاياۋاتىسىلەر. مەن بۇگۈن كۈنپېتىش-
تىن ئىلگىرى بۇ جايدىن ئايرىلىشىم كېرەك. شۇنىڭغىچە شۇ ئەرزى-
مەس تىلىكىمىزنى ماقۇل كۆرۈپ، قارا كوزىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىڭ-
لار ياكى قارا كوزا يەرگە ئۆرۈلۈپ چۆل - چۆل بولسۇن - دە،
ئارىمىزدىكى قان - قېرىنداشلىقمۇ ئەبەدىي تامام بولسۇن.
بۇ سايە يېتىپ، كۈن راسا قىيام بولغان چاغ ئىكەنمىش. تا
كۈنپېتىشقا بىر تېرەك بويى قالغانغا قەدەر كىتەك بالىق كىشىلىر-
دىن بىر ئېغىز زۇۋان چىقماپتۇ. ئۇلار — ئاپئاق ساقاللىق ئۆگەن،
ئۇرۇق - ئۇلۇسلارنىڭ ئائىلە ئاقساقاللىرى ئەتراپقا توپلانغان تامام
ئاۋام — خەلق غايىبتىن ئىلاھىي ۋەھىي ئىشتىكەندەك ئىزىدا ئۇيۇپ
قاپتۇ. سودىگەرمۇ قارا كوزىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆگەننىڭ ئالدىدا
ئۆرە تۇرۇۋېرىپتۇ.
ئاخىر، ئۆگەن سودىگەرنىڭ قولىدىكى قارا كوزىنى قوبۇل قى-

لىپ ئاپتۇ ھەم يۇرتىنىڭ ئەڭگۈشتەرى — ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كۈمۈش بۆشۈكنى سودىگەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. ئارىلىرىدىن ئەڭ چەبدەس بىرى مۇقەددەس دەرەخكە ئۆمۈچۈكتەك يامىشىپ كۈمۈش بۆشۈككە قول ئۇزىتىپتۇ - دە، بۆشۈكنى ئالاي دېگەندە بىر كارامەت كۆرۈلۈپتۇ. كۈمۈش بۆشۈك سالقىن شامالدىكى پەيدەك ئۆرلەپ ئۈستۈنكى شاخقا قونۇپتۇ. ھېلىقى كىشى تاپ بېسىپ يامىشىپ، شۇنداق قولىنى سوزۇشىغا، كۈمۈش بۆشۈك ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى شاخقا قونۇپتۇ. سىلەر بالىلىرىنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياردار سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئوۋچىنى ئازدۇرىدىغان قۇشنى كۆرگەنمۇ؟ كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا، ئاشۇ قۇش بىلەن ئوۋچىدەك بىرى قاچسا، بىرى قوغلاپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاخىر كۈمۈش بۆشۈكمۇ، دەرەخكە ياماشقۇچىمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ.

بىر كەمدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم شاخلار ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. بەئەينى ئەسكى پاختىلىق چاپاندەك شاختىن شاخقا ئېسىلىپ پەسكە چۈشۈۋاتقۇدەك. ئۈچىسىدىكى ئېگىنلىرى جۇل - جۇل بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى قانتالاش بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ تۆۋەنلەپ ئەڭ ئاخىرقى شاخقا چۈشكەندە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ - دە، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ.

شۇ ھامان ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كۈمۈش بۆشۈك ئەسلىدىكى جايىدا پەيدا بوپتۇ. بۇرۇنقىدىنمۇ بەك نۇرلىنىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي دەۋرەشكە باشلاپتۇ. دەرەخ تۈگۈل، يىرتقۇچ قۇشلار ماكان ئەتكەن خەتەرلىك قىيالارنى پەسەنتىگە ئالمايدىغان ئادەم چالا ئۆلۈك ياتقاندا، باشقىلار نېمە چارە قىلالىسۇن؟

ھەممە يەر تېگىدىن ئۆگەنگە قارىشىپتۇ. ئۆگەنمۇ قولىدىكى قارا كوزىنى سىيلىغان پېتى سودىگەرگە قاراپتۇ. سودىگەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپتۇ.

بۇ چاغ قۇياش ئالتۇن تاۋاقتەك قىزىرىپ، تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىغانىكەن.

سودىگەر يەڭلىرىنى سىلكىپ ۋارقىراپتۇ.

— كېسىڭلار دەرەخنى!

سودىگەرنىڭ ئاۋازى كىشىلەرنى شۇركۇندۇرۇپ، يىراقتىكى تاغ-لارغىچە تاراپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن گويا تاغلاردىن ئەكس سادا يانغاندەك ئۆگەن ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ ۋارقىراپتۇ:

— كېسىڭلار دەرەخنى!

— كېسىڭلار دەرەخنى!

ئۇرۇق - ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئۆگەنگە ئەگىشىپلا شۇن-داق دەپتۇ.

ئاۋام پۇقرا شۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەكلا ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھەر يوغان ئايپالتىلارنى ھازىر قىلىشىپتۇ. قاۋۇل قوللاردا ئايپالتىلار ۋالىلداپ مۇقەددەس دەرەخلەرنى چاپماققا تەمشىلىپ ئېگىز كۆتۈرۈ-لۈپتۇ.

— توختاڭلار!

شۇ چاغ بىر ئوغۇل بالا توپنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۆگەننىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— كۇمۇش بۆشۈكنى مەن ئېلىپ چۈشەي، — دەپتۇ ئۇ ئۆگەنگە ئارسلان بالىسىدەك دادىل تىكىلىپ.

ھەممە ھاڭۋېقىپ قېلىشىپتۇ. ئەسلي بۇ ئوغۇل بالا ئۆگەننىڭ توققۇز ياشلىق كەنجى ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئۆگەن ئاتىسىنىڭ ئىجازىتى-نى ئالمايلا دەرەخكە يامىشىپتۇ. چوڭلار ئېسىنى يىغقۇچە ئارىلىقتا كۇمۇش بۆشۈكنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ. كۇمۇش بۆشۈك ئالتۇن قوڭ-غۇرىقىنى زىل جىرىڭلاتقىنىچە ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلى-نىشقا باشلاپتۇ.

كىشىلەر خۇشال بولۇشۇپ باركاللا توۋلىشىپتۇ.

— تۇت ئۇنى! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۆگەن.

بالا تۆۋەندىكىلەرگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يۈزىنى ئۆرۈپلا يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلاپتۇ. كۇمۇش بۆشۈكمۇ ئالتۇن قوڭ-غۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ بالىغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ھايت-

ھۆيت دىگۆچە بالىمۇ، كۆمۆش بۆشۆكمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ.
سوقۇۋاتقان يۈرەكنى كىشىگە بەرگىلى بولامدۇ؟!
تومۇردا ئېقىۋاتقان قاننى ئالتۇن - كۆمۆشكە تېگىشكىلى بولامدۇ؟
مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ.
كىتەك بالىق كىشىلىرىمۇ، سودىگەرمۇ ئاغزىنى ھاڭدەك ئاچقان پېتى ئورنىدا قېتىپ قېلىشىپتۇ.
ئالتۇن قۇياشنىڭ گەردىشى ئۆپۆقتىكى چوققىنى سۆيۈپ، زېمىندىن نۇرىنى ئاستا - ئاستا يىغىشقا باشلاپتۇ.
سودىگەر ئەس - ھوشىنى يىغىپ، بىردىنلا يەرنى تېپىپ سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ كېتىپتۇ:
— نەس باسقان جىنىنىڭ ئۆۋىسى ئىكەن بۇ! بالىنى ئازدۇرۇپ ئاچقىپ كەتتى. سىلەر ئەقلىڭلارنى جورۇپ، كۆنۈپېتىشتىن بۇرۇن يىقىتىڭلار بۇ دەرەخلەرنى!
ئۆگەن ئىڭرىغان پېتى ئىزىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قولىدىكى قارا كوزىنى ھەم مەيدىسىگە چىڭ بېسىپتۇ!
يوغان ئايپالتىلار ۋالىلداپ مۇقەددەس دەرەخلەرگە زەربە بىلەن چېپىلىشقا باشلاپتۇ.
ئاخىر، 1000 يىللاردىن بېرى شاخلىرى ئىرماش - چىرماش گىرەلىشىپ بىر تەن، بىر ۋۇجۇدقا ئايلانغان بىر جۈپ مۇقەددەس دەرەخ يەر - ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ، تاغ كۆچكەندەك گۈلدۈرلەپ يىقىلىپتۇ.
كىشىلەر ئاچ كۆز ئۈۋچىلاردەك تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ بەھەيۋەت شاخلار ئارىسىدىن ئولجىسىنى ئىزدىشىپتۇ. ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ. كۆمۆش بۆشۆك تۇگۇل، بالىنىمۇ تاپالماپتۇ.
شۇ چاغ كۆنۈپېتىپتۇ. قۇلاقلىرىغا ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. كىشىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆرۈپتۇكى، كۆك قەرىدە بىر يورۇق نۇر كۆمۆش چوققا تامان ئۇچۇپ

كېتىۋاتقۇدەك.

يورۇق نۇر ئۇچۇپ بېرىپ كۇمۇش چوققىغا قونۇپتۇ - دە، ئۈچۈپتۇ. كىشىلەر ئاتا - بوۋىلىرىغا — سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاققا نىجاتلىق ئاتا قىلغان كۇمۇش چوققىغا قارىغان پېتى ئىزىدا قېتىپ قاپتۇ، قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

شۇ كېچە كىتەك بالىقنىڭ ئاسمىنىدا ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەپتۇ. جاھاننى گىل رەڭ تۇمان قاپلاپ، ئاسماندىن شۇرۇلداپ قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. ئەتىسى قۇياش قايتا كۆتۈرۈلگەندە كىتەك بالىق دېگەن بۇ گۈزەل يۇرت كۆز يەتكۈسىز قۇملۇققا ئايلىنىپتۇ.

ئېيتىلىشىچە، ھېلىقى قارا كۈپ ھازىرمۇ تەكلىماكانغا كۆمۈكلۈك ئىمىش. كىمەرسىكى، شۇنى تېپىپ تاشقا ئۇرۇپ چېقىۋەتسە كىتەك بالىقمۇ، تاش ئادەملەرمۇ ئەسلىگە يانارمىش.

2004- يىل 4- ئاي

# سەپكۈنلۈك بالا

چاشگاھ ۋاقتى. ئۆي ئىچى قۇياش نۇرىدا يۇيۇنۇپ، ئازادە كۆرۈنىدۇ. سىلەرنىڭ سول مېڭەڭلار ئۇيقۇدا، ئوڭ مېڭەڭلار ئويغاق ھالەتتە، بەزىلىرىڭلار ياستۇقنى قۇچاقلاپ، بەزىلىرىڭلار يوتقاننى پوملاپ ئاستىڭلارغا مەھكەم بېسىپ ئوڭچە ئۇخلىغان بولىسىلەر. مەكتەپ، ئىمتىھان، تاپشۇرۇق دېگەندەك يۈكلەرنى يەتتە تاغنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلايسىلەر. ئاتا - ئاناڭلار ئۈچ سائەت بۇرۇنلا پىچىرلىشىپ، ناشتىلىقىڭلارنى شىرەگە تەق قىلىپ قويۇپ ئىشلىرىغا ماڭغان بولىدۇ. قانداق پەيزى - ھە!

مانا بۇ ھەممە بالىلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازلىق تەتىلنىڭ تۈنجى كۈنى.

مېنىڭ سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ھېكايەم دەل مۇشۇ كۈنى يۈز بەرگەن...

كۆڭلىگە ھېلىقى ئىشنى پۈكمىگەن بولسا سەپكۈنلۈك بالا ئايۋاندا ئۇخلاۋەرگەن بولاتتى. ئۆتكۈر قۇياش نۇرى شاخلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سەپكۈن باسقان يۈزىنى قىزدۇرسىمۇ، بېزەڭ چىۋىنلەر ئۇنى قانچە بەزدۇرسىمۇ، قۇشلار قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ توختىماي چۇرۇقلاپ، ھويلىنى بېشىغا كىيسىمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى. بىراق، ھېلىقى ئىش ئۇنىڭ «ئويغاق» ئوڭ مېڭىسىدىن «يالت» قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى خامانغا چىقىپ كېتىشكە-

ىندى. ئۇ يۇزىنى چالا يۇيۇپ يۈغان ئاپقۇردىكى .قايماقلىق چاينى ئالدىراپ ئىچىپ تۈگەتتى - دە، سۇپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يالاڭ ئاياغ پېتى تونۇر بېشىغا يۈگۈردى. تونۇر بېشىدا سۆگەت تېلىدىن خېلىلا ئەپچىل توقۇلغان تۆت قەپەس قاتار تىزىقلىق تۇراتتى. قەپەس- نىڭ ئۈچىگە ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان ئۈچ قۇشقاچ بالىسى، ھەمىشە قەپەس شادىلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئۈركىگەك تورغاي ۋە بىر جۈپ پاختەك سولانغانىدى. تۆتىنچى قەپەس بولسا بوش ئىدى.

مانا بۇ جانىۋارلار سەپكۈنلۈك بالىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئەرمەك- لىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەپكۈنلۈك بالا ئاز بەدەل تۆلىمىدى. ئاتا - ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھېسابسىز تەنبىھ- لىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە قارايدىغان بولسىڭىز سۇرۇلگەن، جىجالغان ئىزلارنى ئېنىق كۆرىسىز. تېخى يارداڭلىق، ئەسكى تام ۋە دەرەخلەرگە يامىشىپ ئوڭ قولى، سول پۇتى سۇندى، تېخى سول چېكىسى ۋە قاپىقىدا تارتۇق قالدى.

سەپكۈنلۈك بالا قۇشلىرىغا دان - سۇ بېرىپ، بوش قەپەسنى ئېلىپ ھويلىدىن چىقتى.

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر كۆل بار ئىدى. كۆل بويىدا نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يەتكۈدەك بىر تۈپ قاپاق تېرەك ھەيۋەت شاخلىرى بىلەن پۈتكۈل كۆل يۈزىنى دېگۈدەك چۈمكەپ تۇراتتى. ئىلگىرى كۆلنىڭ ئەتراپى سۇ ئالغىلى كېلىدىغانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. كېيىن يېزىدىكىلەر كۆل سۇيىنى ئىچمەيدىغان بولۇپ قالغاچ- قا، ھەممىسى باش مەھەللىدىكى يېڭى ئېلىنغان چوڭ يولنىڭ ئەتراپى- غا كۆچۈپ كەتكەنىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كۆل ھەرخىل قۇشلار، پاقا - قۇمچاقلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

سەپكۈنلۈك بالا دەل مۇشۇ كۆل بويىدا پەيدا بولدى. بۇ يەر ئۇنىڭمۇ ماكانى، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايى ئىدى. چۈنكى، ھېلىقى قەپەستىكى قۇشلارنىڭ تولىسى مۇشۇ قېرى قاپاق تېرەكتىن قولغا

چۈشكەنندى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىش دەل مۇشۇ دەرەخ شېخى-
دىكى سېغىزغان ئۇۋىسى ئىدى.
سەپكۈنلۈك بالا قاپاق تېرەكنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزىتىشكە
باشلىدى. ئۇ قۇش تۇتۇشتا خېلىلا تەجرىبىلىك ئىدى. سېغىزغان
كەم ئۇچرايدىغان سەگەك، زەردىلىك قۇش ئىدى. ئۇ ھۆپۈپ، ئاق
قۇشقاچتەك يىلدا نەچچە قېتىم تۇخۇم تۇغمايتتى؛ پاختەكتەك بىراۋ
ئۇۋىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭسىمۇ پەرۋاسىز تۇرمايتتى؛ ئادەم بولسۇن
ياكى زەھەرلىك يىلان بولسۇن ئۇۋىسىغا يېقىنلاشتىمۇ بولدى، قۇلاق-
نى يارغۇدەك شاراقلاپ، ئۆزىنى رەقىبىگە ئۇراتتى. شۇ ۋەجدىن،
سەپكۈنلۈك بالا غورۋلاي، قارىغۇجا، سوپىسوپىياڭ، تۆمۈرتۇمشۇق،
ھەتتا ياۋا كەپتەرنى تۇتۇپ باققانۇ، لېكىن تا بۇ كەمگىچە سېغىزغاننى
تۇتالمىغانىدى.
قارىغاندا بۇگۈن سەپكۈنلۈك بالىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەندەك
قىلاتتى. قاپاق تېرەكتىمۇ، يېقىن ئەتراپتىمۇ سېغىزغاننىڭ سايىسى-
مۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىشتىھاسى راسا ئېچىلىپ، ئۇچۇرۇم بولۇشقا
ئاز قالغان بالىلىرى ئۇچۇن ئوزۇق ئىزدەپ يىراقلارغا كەتكەن چېغى،
بولمىسا سەپكۈنلۈك بالا پەيدا بولۇشى بىلەنلا بۇ جايدىكى جىمجىتلىقنى
قۇشلارنى ساراسىمىگە سالغۇدەك شاراقلاپ، جاھاننى بېشىغا كىيەت-
تى. سەپكۈنلۈك بالا دەرەخنىڭ پورلىشىپ كەتكەن قوۋزاقلىرىنى
قامالالاپ، سېغىزغان ئۇۋۇا سالغان شاخقا بىردەمدىلا يامىشىپ چىقتى.
يېزىدىكى تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئەسكى تام، دەرەخ... ئىشقىلىپ،
ھەرقانداق ئېگىز نەرسىگە يامىشىشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق
ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سېغىزغاننىڭ ئۇۋىسىغا يېقىنلىشىشى ئا-
سانغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى. شاخ ئۆزىنىڭ باراقسان شاخچىلىرىنى
كۆتۈرەلمىگەچ قىسماقتەك ئېگىلىپ پەسكە قاراپ ئۆسكەنىدى، ئۇۋۇا
ئاشۇ شاخچىلارنىڭ ئاچىسىدا ئىدى. سەپكۈنلۈك بالا شاخچىغا مەھكەم
چىرماق سېلىپ، كەينىچىلەپ سىيرىلىپ ئۇۋىغا يېقىنلىشىشقا باشلى-

دى. ئۇ شاخچىنى بويلاپ قانچە تۆۋەنلىگەنسېرى، شاخچە شۇنچە لەپەڭشىپ، ھېلىلا قاراسلاپ سۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، سەپكۈنلۈك بالا يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. مانا ئۇۋىغىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا ئۇۋىنىڭ قۇرغاق چاۋارلىرى سانجىلدى.

ئۇۋىدا بىر جۈپ سېغىزغان بالىسى بار ئىدى. ئۇلار ناتونۇش بۇ مەخلۇقتىن قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەچكە، قارا تاۋاردەك پەيلىرىنى ۋالىلدىتىپ، ئاق بەلدەم بويۇنلىرىنى بىر - بىرىنىڭ قانات ئاستىغا يوشۇرۇپ تېپىرلىشاتتى. سەپكۈنلۈك بالىنىڭ يۈركى دۇپۇلدەپ سو- قۇپ كەتتى. ئۇ ھاياجاندىن تىترىگەن قوللىرىنى ئۇۋىغا ئۇزاتتى. مانا تۇتاي دېگەندە بىر سېغىزغان بالىسى ئۆزىنى ئۇۋىدىن سىرتقا ئاتتى. پالاقلاپ ئۇچۇپ بارا - بارا تۆۋەنلەپ نېرىدىكى چاتقاللىققا چۈشۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغ قارا - قۇرا بىرنەرسە سەپكۈنلۈك بالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن بوراندەك ئۇچۇپ ئۆتتى. ئارقىدىنلا ئانا سېغىزغاننىڭ غەزەپ بىلەن شاراقلىشى ئەتراپنى بىر ئالدى. سەپكۈنلۈك بالا بېشىنى ئىچى- گە تىقىپ شاخچىغا چىڭ يېپىشىۋالدى. ئانا سېغىزغان شاختىن شاخقا قونۇپ بوغۇلۇپ نالە قىلاتتى. ئەلىمىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاندا، ئېتىلىپ كېلىپ قاناتلىرى بىلەن سەپكۈنلۈك بالىنىڭ يالاڭ بېشىغا ساۋايتتى.

سەپكۈنلۈك بالىنىڭ پۇتلىرىدىن جان قېچىپ دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. شاخچە تېخىمۇ لەپەڭشىپ، قاپاق تېرەك ئاسمان - زېمىن ئوڭ- تەتۈر ئايلانغاندەك بولدى. ۋەھالەنكى، سەپكۈنلۈك بالا نىيىتى- دىن يانمىدى. بېشىغا نېمە بالا كەلسۇن، ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى قىلماي قويمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى. چۈنكى، سېغىزغان ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايتتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇچۇرما بولغان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئا- دەملەردىن يىراق، تېخىمۇ پىنھان جايلارغا كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەپكۈنلۈك بالىنىڭ قەپىسى بوش پېتىچە قالاتتى.

سەپكۈنلۈك بالا سول قولى بىلەن شاخچىنىڭ غولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى ئۇۋىغا يەنە ئۇزاتتى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئانا سىغىزغان شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قولىغا ئۇردى. ئۇششاق پەيلەردىن تارالغان ئاچچىق سىزىم سەپكۈنلۈك بالىنىڭ مېڭىسىنى يىڭنە سانجىغاندەك زىڭىلدىتىۋەتتى. سول قولى شاخچىدىن ئاجراپ، شاختىن شاخقا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

*　　*　　*

سىغىزغان توختىماي شاراقلايتتى:

— خالايىق، ئەي خالايىق! كۆردۈڭلارمۇ؟ سەپكۈنلۈك بالا نىمىدېگەن رەھىمسىز - ھە!

ئەلمىساقتىن بىرى ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن قۇشلارنىڭ ھەممىسى قاپاق تىرەككە يىغىلغانىدى. قارىماققا قۇشلار يوپۇرماقلاردىنمۇ كۆپ كۆرۈنەتتى.

— كاشكى، مەن ئادەملەرگە زىيان سالغان بولسام، ئۆي - ماكانلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولسام بۇنى ھەق دەر ئىدىم. بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ، تۇخۇم باسقاندىن بىرى، سەپكۈنلۈك بالا بالىلىرىمنى قەستلەش ئۈچۈن پايلاپلا يۈردى. ئۇنىڭدىن شۇنچە ھەزەر ئەيلەپ، بالىلىرىمنى ئۇچۇرۇم قىلاي دېگەندە، ئاھ! شور پېشانەم، ئەنە بالىلىرىمنىڭ بىرى چاتقاللىقنىڭ تىكەنلىرىگە سانجىلىپ، يۇمران تېنى ئۆتمىتۆشۈك بوپتۇ. سەپكۈنلۈك بالىنىڭ قەپىسىدىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىپتۇ.

سىغىزغان شاختىن شاخقا قونۇپ زار - زار يىغلىغىنىچە، سەپكۈنلۈك بالا ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. ئاق قۇشقاچمۇ غەزەپتىن قاناتلىرىنى تىترەتكىنىچە چۇرۇقلاپ كەتتى:

— سەنغۇ بىرلا بالاڭدىن ئايرىلىپسەن، سىغىزغان ئايلا. سەپكۈنلۈك بالىنىڭ قولىدا ھالاك بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى ساناپ

توگەتكىلى بولىدۇ، دەمسەن. ئۇ قىشتا بىزگە قىسماق - توزاق قۇرسا، يازدا ئۇۋىلىرىمىزنى بۇلايدۇ. قەپەسكە سولانغانلىرى ئىچىدە تونجى قار چۈشكۈچە ھايات قالغانلىرى يوق، ھەممىسى ئۆلۈپ توگەيدۇ.

— بالىلىرىمىزنىلا ئەمەس، تۇخۇملىرىمىزنىمۇ ئوغرىلايدۇ بۇ،— دەپ ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى كاككۇك.

— سىلەر پەسىل قۇشلىرىغۇ، كۆز كەلسە ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىسىلەر، بىزچۇ؟ ھەر ۋاقىت دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتىمىز. ئادەملەر بىزلىرىمىزنى كېسەلگە شىپا بولىدۇ، دەپ تۇتۇپ يەپ كېتىدۇ، تېخى.

جىگدىچى شۇلارنى دېگەچ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى لىكىلدىتىپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا قارىغۇجا بېشىنى چايقىغىنىچە مۇنداق دېدى:

— ئادەملەرنىڭ نېمىشقا بىزگە شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بىز يا ئۇلارغا زىيان سالمىساق. مانا ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن كۈنىگە 200 دەك چېكەتكىنى يوقىتىمەن.

— مەنمۇ شۇ،— دېدى غورۇلاي.

— مانا مەن يىلىغا 200 مىڭ پاشا - چىۋىننى يوقىتىپ، ئادەملەرنى يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن ساقلايمەن،— دېدى قارلىغاچ.

— بولدى بەس، كۆپچىلىك!— مۇشۇكياپىلاق سالماقلىق بىلەن سۆز باشلىدى،— گەپ بىزنىڭ زىيانداشلارنى قانچىلىك يوقاتقانلىقىمىزدا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىداپ كەتكەنلىكىدە. مانا مەنمۇ يىلىغا كەم دېگەندە 500 چاشقان يوقىتىمەن، ئادەملەر ئوخشاشلا مېنى چالما - كېسەك قىلىپ ھەيدىشىدىغۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئادەملەر قۇشلار بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتەركەن. قۇشلار ئۇينىڭ مۈڭگۈزى، قوينىڭ دۈمبىسىگە چاڭگا تىزاركەن. ئۇچرىغانلا قۇشلارنى تۇتۇپ، قەپەسلەرگە سولىۋالىدىغان

ئىش يوق ئىكەن. سىلەر ئېيتقاندەك، بەزىلىرىمىز بولمىساق زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىلىرىمىز بولمىساق يەر يۈزىنى ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر قاپلايدۇ. بىز بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق پايدىلىق ئىدۇق، ھازىرمۇ شۇنداق. لېكىن، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ نەپسىگە بالا تەگدى.

قۇشلار مۇشۇكىياپىلاقنىڭ بۇ سۆزىدىن جىممىدە بولۇپ قېلىشتى.

— جاھان مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بىز قۇشلارنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟

سوپىسوپىياڭ مۇڭلىنىپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇشلارسىز بىر دۇنيا نامايان بولدى - دە، ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى.

— پېشانىمىزگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى كۆرەرمىز. بىز قۇشلار ئادەملەر ئالدىدا چارىسىز، ئاجىزمىز، — پاختەك ماكانسىز سوپىدەك شۈمشىيىپ بېشىنى قولتۇقىغا تىقتى. ئۇستۇنكى شاختا تۇرغان ياۋا كەپتەر بىلەن تاغ قۇشقىچى بۇ گەپتىن شۇ ھامان ئېتىلىپ چۈشتى. ئۇلار شۈمشىيىپ كەتكەن پاختەكنى قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئىدى:

— تەقدىرىڭنى كۈتۈپ ياشىساڭ جاڭگالدىكى بېغىرتاق بىلەن تورغايدەك، سازلىقتىكى ئاخۇنەكتەك بۇ زېمىندىن ئىزىڭ ئۆچۈپ كېتىدۇ. نەسلىڭ قۇرۇيدۇ، قورقۇنچاق. ئەي خالايىق! بۇ قورقۇنچاق ئەخمەقنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار. مانا، پەستە يۈزىنى نۇرغۇن سەپكۈن باسقان بالا① — قۇشلارنىڭ جاھانگىرى يېتىپتۇ. بىز مۇشۇ ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە شۇنداق ئىز سالايلىكى، بۇ ئىزلار مەڭگۈ ئۆچمىسۇن ھەم ئۇ بۇ ساۋاقنى مەڭگۈ ئېسىدە تۇتىدىغان بولسۇن!

---

① يۈزىنى سەپكۈن باسقان بالا — كونىلار قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى چاققان، قۇش بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن بالىلارنىڭ يۈزىگە سەپكۈن چىقىدۇ، دەيدۇ.

قۇشلار بىردەك قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ھېسابسىز قاناتلار ھاۋا-
نى لەرزىگە سېلىپ، سەپكۇنلۇك بالىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى.

— ۋايجان!

سەپكۇنلۇك بالا جۇدۇنى تۇتقان باخشىدەك قوللىرىنى ھەرەڭ-سەرەڭ شىلتىپ چىرقىرىغىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. ھېلىقى «ئويغاق» ئوڭ مېڭىسى ئالىلىقاندىق نەرسىگە قاتتىق تەگكەن بولسا كېرەك، لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ ئەتراپقا ئالاق-جالاق قاراپ كەتتى. ھەممە نەرسە — كۆلمۇ، قىرى قاپاق تېرەكمۇ شۇ پېتى ئىدى.

سەپكۇنلۇك بالا قۇشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماكانى بولغان قاپاق تېرەك ئالدىدا ھېچقاچان بولمىغان ئاجايىپ بىر سېزىم ئىچىدە لاغ-لاغ تىترەپ، ئىززىغا ئەبەدىي بەند قىلىنىۋېتىلگەندەك ئۇزاققىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئانا سېغىنغان ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە توختىماي شاراق-لايتتى.

سەپكۇنلۇك بالا ئۆزىدىن 50 مېتىرچە نېرىدىكى چاتقاللىققا قاردى. ئۇ يەردە بىرنەرسە جانسىز ئېسىلىپ تۇراتتى. سەپكۇنلۇك بالىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان ياشلىرى غۇۋا پەردە ھاسىل قىلغاچقا، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق ئىلغا قىلالمىدىيۇ، چىرايى شۇ ھامان تامدەك تاتىرىپ كەتتى. شۇ دەقىقىلەر سەپكۇنلۇك بالىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ چىقماس ئىدى.

سەپكۇنلۇك بالا ھېلىقى بوش قەپەسنى ئېلىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ھويلىغا كىرىپلا قەپەسلەردىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەردى. قەپەس شادلىرىنى بىر-بىرلەپ چۇۋۇپ، تونۇر بېشىغا رەتلىك تىزىپ قويدى...

ئەتىسى سەھەر سەپكۇنلۇك بالا ئانىسىنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئانا ئۇنىڭ بېشىدا ياقىسىنى چىشلىگىنىچە جىن تەگكەندەك پىر-پىر چۆرگىلەيتتى:

— ۋاي خۇدايىم! نېمە كارامەت بۇ، نېمە كارامەن بۇ!…

ئانىسى شاتۇتىدەك شۇ سۆزنىلا تەكرارلايتتى. بالىسىنىڭ مەڭزلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارايتتى، ئاندىن ئارقىسىغا داجىيىتتى:

— ۋاي دادىسى! ئۆيىمىزگە خىزىر كەپتۇ، پەرىشتە قونۇپتۇ، ئوغلىمىزغا بىر قارىسىلىچۇ؟

سەپكۈنلۈك بالا دەماللىققا ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدى. ھايال ئۆتمەي قورقىنىدىن پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. كىيىملىرىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يالىڭاچ پېتى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە مىخلاپ قويغان ئەينەك ئالدىغا كەلدى، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

سەپكۈنلۈك بالىنىڭ يۈزىدىكى سەپكۈنلەر بىرىمۇ قالماي ھەممىسى غايىب بولغانىدى.

2005- يىل 1- ئاي

# يولۋاسخان

كونا دەرۋازىنىڭ قاغىتۇمشۇقىدا ئورۇسنىڭ قوش مۇشتتەكقۇلۇپى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ھەيرەتتە تۇرۇپ قالدىم، بوۋاي كونا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇدۇمىچە ھەپتە - ئون كۈن نېرى بولمىسا، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سالمايتتى، كۆڭلۈمنى يامان خىياللار چۇلغاشقا باشلىدى.

— تۆلەك دېۋەڭگە كەلدىڭمۇ بالىموي؟

يول ئۈستىدە شالاڭ ساقال، ئۆڭى قارا، قالماقچىراي بوۋاي بوز ئېشىككە يانچە مىنىپ تۇراتتى. ئۇ قامچا دەستىسى بىلەن كىگىز قالپىقىنى گەدىنىگە سۈردى، قىيغاچ كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، چەبدەس يىگىتلەردەك ئېشىكىدىن لىككىدە چۈشتى.

— قوشۇقپەز مۇخپۇر[1] بالىغۇسەن.

مەن بوۋاينى تونۇيالمىدىم، كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بوۋايلار بىر كۆرگەن ئادىمىنى ئۇزاققىچە ئېسىدىن كۆتۈرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، مەن نۇرغۇن خىجالەتچىلىك تارتقانىدىم.

ئىلدام ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتۈم.

— ئالا تارىمغا بار، — دېدى بوۋاي، — ئۇنى شۇ يەردىن تاپىسەن.

كونىلار كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى شاخاپچىلارغا

---

[1] مۇخپۇر — مۇخبىر دېمەكچى.

ئايرىلغان جايىنى بەزىدە شۇنداق ئاتايتتى. تۇلەك بوۋاي ھەر يىلى شۇ يەردە يازلايتتى. ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەندى. مەيلى پىيادە ياكى ئۇلاغلىق ماڭاي كۇنپېتىشتىن بۇرۇن يېتىپ بارالمايتتىم.

تەڭقىسلىقتا ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم.

بوۋاي كۆڭلۈمدىكىنى پەملىدى بولغاي:

— كېچىگە قالساڭ ئۇنىڭ غېرىب ئوتىغىدا قونۇپ قالارسەن، ئوغلۇم، جاھاننىڭ ئىشلىرى تۈگىمەيدۇ، بىزلەر تۈگەپ كېتىمىز، يۇرتىمىزدا تۇلەك دېۋەڭدەك ئاۋۇن ئۆمۈر سۇرگەنلەردىن ساناقلىقلا قالدى. ئىككى تايىن بولماي تەۋەررۇك قېرىنى يوقلاپ كەل.

ئۇ يوغان بوز ئېشەكىنىڭ چۇلۋۇرىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ، ئالا تارىمغا پىيادە يۇرۇپ كەتتىم.

توڭ ئېرىپ، باش باھار ئەمدىلەتىن زېمىندىكى كۆللى مەۋجۇداتـ نى ئۇزاق قىش ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋاتقان چاغ ئىدى. بۇلۇتسىز ئاسمان كۆك ھېقىقتەك جىلۋىلىنەتتى، قۇياش ئوغۇز سۇتى كەبى قۇۋۋەتلىك نۇرىنى يۇمشاق، كۆپچۇگەن تۇپراققا، بىخلىنىۋاتقان، سۇ يۇگۇرۇپ سەمرىشكە باشلىغان ئوت ـ گىياھ، داۋ ـ دەرەخلەرگە سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى. نەمخۇش تۇپراقتىن ئىسسىق ناننىڭ ھىدى كېلەتتى.

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاندا ـ ساندا قومۇش، كەلكۇن يالاپ، يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان توغراقلار ئۆسكەن قۇمساڭغۇ ساھىلىنى بويلاپ، ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ماڭدىم. دەريا قىنىغا تۇتىشىپ كەتكەن قومۇشلۇق سازلىقلار بارا ـ بارا ئاۋۇشقا باشلىدى، ئاندىن يەرلىكلەر قاۋانكۆلى دەپ ئاتايدىغان كەڭرى كەتكەن بولۇق قومۇشلۇق كۆل يولۇمنى توردى. بۇنداق كۆللەردە قاۋاندىن باشقا ھېچقانداق ياۋايى ھايۋان ياشىيالمايدۇ. كۆز كۆنلىرى مېكىجىنلار كۇچۇكلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئۇركۇپ يىكتەك ئۇچلۇق قومۇشقا سانجىلىپ قالغان توشقانلارنى تۇتۇپ يەپ تۇلۇمدەك سەمرىيدۇ. ئەگەر قايسى بىخەستە يولۇچى مۇنداق قومۇشلۇققا ئۇچراپ قالسا، ھەمساتتا ئەتيانلىرىنى

قانتالاش قىلىۋالاتتى. مەن بۇ يولغا كۆنۈك ئىدىم. ئۈۋچىلار ئاچقان لاي ـ لاتقىلىق چىغىر يوللارنىمۇ بىلەتتىم. بۇلارنى ماڭا تۇلۇك بوۋاي ئۆگەتكەنىدى.

قاۋانكۆلنىڭ ئۇ يېقىدىن چەكسىز كەتكەن توغراقلىق باشلىناتتى. كۆنچى دەرياسىمۇ مۇشۇ يەردىن نۇرغۇن تارامىلارغا بۆلۈنۈپ، توغراقلار بىلەن بىللە چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە غايىب بولاتتى. ياز بويى ئاندا ـ ساندا ئۇۋ قوغلىشىپ ئۆتۈپ قالىدىغان ئۈۋچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم ئايىغى يەتمەيتتى. مانا بۇ جاي تۈلەك بوۋاينىڭ يازلىق ئارامگاھى — ئالا تارىم ئىدى.

ئالا تارىمغا يېتىپ كەلگىنىمدە ئەتراپ شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەندى. ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ، لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىمۇ مۇقەددەسلىك، ساماۋىلىك ئىلكىدە تا ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. تونۇش ئوتاغ يەنىلا ئۆز ئورنىدا — دەريا بويىدىكى كىچىككىنە كۆلنىڭ يېنىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوتاغ ئالدىغا گۈلخان يېقىلغان بولۇپ، گۈلخان ئالدىدا خىلۋەت ماكاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئەۋلىيادەك تۈلەك بوۋاي ئولتۇراتتى.

شۇ چاغ ئوتاغنىڭ كەينىدىكى توغراقلىقتىن بوۋاينىڭ قەدىناس ھەمراھى — كېسىك قۇلاق سېرىق ئىت زەردە بىلەن قاۋىغانچە ئېتىلىپ چىقتى. مەن ئورنۇمدا ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. بۇ سادىق جانىۋار ئېسىدىن ئۆچۈشكە باشلىغان يات سېيمانى جەزم قىلالماي، مېنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا خىرىس قىلغىنىچە تۇرۇپ قالدى. مەن شۇندىلا بوۋاينى شۇنچە ئۇزاق تاشلاپ قويغىنىمنى ھېس قىلىپ، ئىچىمدە ئۆكۈندۈم.

— ھەي! ئاڭناپ، — مەن تۈلەك بوۋاينى دوراپ يەرنى تېپىپ ۋارقىرىدىم، — مېنى تالىماقچىمۇ سەن تېخى.

ئىت شۇ ھامان مېنى تونۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، پۇتلىرىمنى پۇراشقا باشلىدى.

— ھۇششەرە قاراقىم، ئاسماندىن شېۋىقەدىر چۈشتىمۇ؟ چىق؟

چىق، چىق[1].

تۆلەك بوۋاي يىراقتىنلا مېنى تونۇپ خۇشخۇي توۋلىدى.

— ھېلىراقتىن گۆلمە[2]نى دەرياغا تاشلىۋىدىم، ھەمساتتا لەھەڭ-دەك ئىككى بالىق چۈشتى. كۆنچىنىڭ ئۇلۇغ ئاقىدىغان گۈن[3]لەردىمۇ مۇنداق زورلىرى ئۇزاق زامان بولدى، يوقاپ كېتىۋىدى، دەپ ھەيران بولۇۋىدىم ئابايا، بۇ سېنىڭ رىزقىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ.

بوۋاي قولۇمدىن يېتىلەپ، بالىلارچە مەمنۇنىيەت بىلەن، قېرى توغراقنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويۇلغان ئادەم يوتىسىدەك بېلىقنى كۆر-سەتتى، ئاندىن گۆلخان ئالدىدىكى چۈچىلىق لوپنۇر پالىسىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئۇجۇر توغرالغان بېلىق شورپىسى-نىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى.

— يەنە شۇ لوقمان ھېكىمدەك ياشاۋاتامسەن بوۋا.

مەن بوۋايغا چاقچاق قىلدىم.

— لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆمرىنى خۇدا ياخشىلارغا بەرسۇن. جا-هانساز ھەييار بولۇپ ئاسىغ نېمەتنى يەپ - ئىچتىيۇ، بىراۋغا بىر مىسقاللىق نەپ بېرەلمىسە، تۆمەت يېشىمدا 108 گە ئۇلىشىپتىمەن. ياراتقان ئىگىسى ئامانىتىنى ئۇنتۇپ قالدى بولغاي.

تۆلەك بوۋاي كۆيۈپ - پىشىپ مېنى مېھمان قىلىشقا تۇتۇندى. سوۋۇتۇلغان بېلىق [4] شورپىسىنى يوغان ئىككى ئاياققا سىل قىلىپ ئۇسۇدى. تېرە خالتىسىدىن بىر ئوچۇمدىن تالقان ئېلىپ سالدى. قىلتىرىقىدىن ئادالانغان بىر چارا[5]بېلىق گۆشىنى ئۆچكە تېرىسىدىن ئەيلەنگەن داستىخانغا قويدى. مەنمۇ بوۋايغا ئەكەلگەن سوۋغىتىم-نى — پاقلاننىڭ يېرىم - يارتا قوۋۇرغىسى بىلەن پۈتۈن قۇيرۇق يېغىنى داستىخانغا قويدۇم.

— ھەتتەڭەي،— دېدى بوۋاي ئۇچتەك ساقال باسقان يۈزىنى سىيپاپ،— ئەمدى تۆلەك دېۋەڭ قوۋۇرغا يېيەلمەيدۇ، بالام، مانا

---

① چىق، چىق — لوپنۇرلۇقلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى.
② گۆلمە — چىگە تالاسىدىن توقۇلغان تور.
③ گۈن — دەريانىڭ چوڭقۇر يېرى.
④ سوۋۇتۇلغان بېلىق — قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار ئادىتىدە قىزىق تاماق يېمەيدۇ.
⑤ چارا — ياغاچ تەگنە.

قارا.

ئۇ ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ماڭا كۆرسەتتى. مەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئابايلا سەپسالمىغانىكەنمەن.

— بىرنىمۇ قالمىدى. ئېرىغ چۇشۇپ كەتتى، ئۇششۇك تەگكەندەك.

ئېخى ئالدىنقى يىلىلا بوۋاينىڭ ھەممە چىشلىرى بېجىرىم، ساق ئىدى. بوۋىسىنىڭ 124 كە كىرىپ قازا قىلغانغا قەدەر بىرىمۇ چىشىنىڭ تۆكۈلمىگىنىنى پەخىرلىنىپ ھېكايە قىلىپ بەردى.

بىز خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق.

— ماڭا قوناققا كەلگەنسەن -ھە؟

— قوناققا كەلدىم، بوۋا.

— قونۇپ قال. گۆلخان ئالدىدا مۇڭدىشىمىز، قېيىر[1]غا ئوت يېقىپ، يورۇقتا ساچقاق[2]بىلەن بېلىق ئوۋلايمىز، — بوۋاي مەن بىلەن چېقىشتى، — ئەمما، مەن قېرىدىم. قوشۇق ئاڭلىماققا كەلگەن بولساڭ، مەندە ئەمدى قوشۇق قالمىدى جۇمۇ، مۇخپۇر بالا، قارىنىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆگەل ساڭا تۆكۈپلا بولغانمەن.

— مەن قوشىقىڭنى ئەمەس، سېنى دەپ كەلدىم، بوۋا. كېچىچە گۆلخان يېقىپ، قانغۇچە مۇڭدىشىمىز، بېلىق ئوۋلايمىز.

بىزگۆلخان يورۇقىدا ئۇزاققىچە ئىشتىھا بىلەن بېلىق گۆشى يېدۇق، ئالا تارىمنى ئاللىبۇرۇن تۇم گۇگۇم قاپلىغانىدى. ئەمدىلەتىن تىرىلگەن ئۇششاق ھاشاراتلار گۆلخان ئەتراپىدا پىرىلداپ ئۇچاتتى. دەريا سۈيى بۇلۇتتەك سالماق، يۇمشاق ئاقاتتى.

— كېچىنىڭ مۇزدەك نەمخۇش سوغۇقى دۇمبەمنى قورۇشقا باشلىدى.

— بۇ يىل ئالا تارىمغا بالدۇر كېلىۋاپسەن بوۋا، سوغۇق سەل يانغاندا، ئەتىيازدىراق كەلسەڭ بولاتتى.

— مەيلىچە بولسا چىللە چىقىشىغىلا كۆچۈپ چىقىۋالاتتىم. مەھەللە - كوي قويمىدى. كۆڭۈل ئاياپ چىدىدىم. شۇلاردىن باشقا نېمەم بار مەن قېرىنىڭ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگەگەن، تىكەندەك ئادەممەن، تىرىكلىكىمدە ئېغىرىمنى، ئۆلگەندە جە-

---

[1] قېيىر — دەريا قېشى.

[2] ساچقاق — بېلىق تۇتىدىغان ئەسۋاب.

نازامنى كۆتۈرىدىغانلار شۇلار. قىش دېسە تېنىم جۇغۇلدايدۇ. تۆت تامنىڭ ئىچىدە «ۋاققىدە» يېرىلغۇدەك بولىمەن. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرى ئالا تارىمنىڭ ھەربىر گىياھىغىچە چۇشەپ چىقىمەن. قىشتا تومۇقاپ قاتتىق ئاغرىدىم. چىشلىرىم تۆكۈلۈپ كەتتى. ھاۋا نەملەشسە دولامدىكى كونا يارىمۇ ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئاغرىقتىن پۇكلىنىپ كېتىمەن. ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئالا تارىمدا ئۆتۈپتۇ. ئەجىلىممۇ مېنى مۇشۇ يەرگە سۆرەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

تۇلەك بوۋاي گۇلخانغا تىكىلىپ جىمىپ كەتتى.

— بوۋا، دولاڭغا نېمە بولغان.

— يولۋاس تالىغان.

مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم. بوۋاي ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز دەپ سالغان سۆزىدىن تېڭىرقاپ، توغراق يېرىندىسىنى تۇتقان پېتى ئوڭايسىز ھالەتتە ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى.

— يولۋاسخان ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ سەن؟

— يا… ياقەي.

— ئابدال① دىكى يانلار② دىن، شۇنداق بىر ئادەم ئۆتكەن. ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىدىن باشقا، كىشىلەر ئۇنى يولۋاسخان دەپ ئاتايدىغان بولغان.

بوۋاي قولىدىكى يېرىندىنى گۇلخانغا تاشلىدى. ھايال ئۆتمەي ھۆل توغراق، ئادراسماننىڭ خۇشبۇي ھىدىنى تارقىتىپ پىژىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، كۆنچى ۋادىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان تونۇق قوشاقچى

— تۇلەك بوۋاينىڭ ھېكايىسىغا قۇلاق سالدىم.

* * *

مەتەك پولگان③ قانداق بولسا، يولۋاسخان شۇنداق ئىدى. ئۇۋ

---

① ئابدال — تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر نامى.
② يانلار — تەكلىماكان ئىچكىرىسىدىكى قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار.
③ مەتەك پولگان — شۇ ناملىق لوپنۇر خەلق داستانىغا قارالسۇن.

غەنىيمەتلىرىنى ئاۋۋال ئاجىز، ئورۇق، غېرىب ـ غورۋالارغا بۆلۈپ بېرەتتى. خەلقى «ئاشلىق بەدگۇپا①، بوز تارىمنى ياقلاپ» دەپ ياشايدىغان لايسۇلۇق قالماقلار② ئىدى. ئاش تېرىمايتتى. پۇل ـ تەڭگە تونۇمايتتى. ھەر ئايدا بىر مەرتە 80 چاقىرىملىق يول بېسىپ، ھارام-ھالال ماللارنىڭ موي ـ تېرىلىرىنى لوپنۇر بازىرىدا چاي ـ تۇز، يىپ-يىڭنە دېگەندەك لازىمەتكە تېگىشىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاسخان ئوۋغا چىقىپتۇ، نەچچە كۆنگىچە بىپايان توغراقلىقنى كېزىپمۇ تۈزۈكرەك ئوۋ ئۇچرىتالماپتۇ. يۇرتقا قورۇق قول قايتىشقا يۈزى چىدىماپتۇ. ئۆشىنىسىدە بەش ـ ئالتىچە ياۋا ئۆردەك، توشقان دېگەندەك ئۇششاق ئوۋلار يۇدۇكلۇك ئىكەنۇ، ئۇنىڭدەك ئاتا مىراس تونۇق ئوۋچى ئۇچۇن بۇنچىلىك نەرسە ئوۋ ھېسابلانسۇنمۇ؟ توشقان، ئۆردەك لوپنۇر باللىرىنىڭ ئەرمەك ئوۋى.

بىنا بولۇپ ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان توغراقلىققا يولۋاسخان تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. بۆرىدەك چىدام، سەۋرچانلىق ئوۋچىلارغا قىبىلنامە بولىدىغىنى ئۇنىڭغا دۇنيادىكى جىمى ئوۋچىلاردىن چارە ئايان ئىكەن. ئاخىر ئۇ ئىزنى بايقاپتۇ. ئوۋنى ئىزدەپ چوڭقۇر بىر يارداڭلىققا كەلگەندە داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، مۈڭگۈزى راسا باغجانلىنىغان بۇغرادەك سۈرەتلىك بىر ئەركەك بۇغا 40 — 50 چامدام نېرىدا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك. تۇرقى كىشىنى ئەيمىندۈرىدىكەن. يولۋاسخان شۇ ھامان تەجرىبىسىدىن شۇنى جەزم قىپتۇكى، ئوۋچىدىنمۇ بەتتەر نامەلۇم بىر بالا ـ قازا بۇغىنىڭ قېچىش يولىنى توسۇپتۇ. شۇم ئەجەل بۇرنىغا پۇرىغان بىچارە ھايۋاننىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، يەرنى تېپىپ ھەيۋە قىلىپ دۈشمىنىگە ئېتىلىشقا تەمشىلىپتۇ. يولۋاسخان قارا مىلتىقنى بەتلەپ ھاپىلا- شاپىلا ئوق ئۈزۈپتۇ. بۇغا ئاچچىق مۆرەپ ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ

---

① بەدگۇپا — ۋاپاسىز.
② لايسۇلۇق قالماق — لوپنۇردىكى يانلارنىڭ لەقىمى.

زوڭ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. يولۋاسخان مىلتىقنى قايتا ئوقلىغۇچە، ئۆزد-
نى ئوڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپتۇ - دە، مەست پىلدەك گەۋدىسى بىلەن
ئورماندەك بوي تارتىپ، بولۇق ئۆسكەن قومۇشلارنى پاراسلىتىپ
سۇندۇرغىنىچە ياردامچىلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قېچىپتۇ. يولۋاس-
خاننى غەپلەت بېسىپتۇ. ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ، ئوۋ قىزىقىدا بۇغىنى
تاپ بېسىپ قوغلاپتۇ. قوغلا - قوغلا ياردامچىلىقنىڭ ئۇ بېشىغا ئاز
قالغاندا، سار چاڭگىسىدەك ياۋا جىغان دۆۋىسىدىن سەكرەپ ئۆتكەن-
دە، خۇدانىڭ ھۆكمى بولغاندەك پۇتى يەرگە مىخلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.
گوياكى، شۇ ئەسنا يۇرىكى سوقۇشتىن توختاپ، قانلىرى تومۇرلىرىدا
قېتىپتۇ. قولىدىكى قارا مىلتىقمۇ، ئۆشنىسىدىكى ئوۋ ئولجىلىرىمۇ
سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. چۈنكى، ئۆزىدىن تۆت - بەش ماڭدام
نېرىدا ئاجايىپ زور بىر يولۋاس خىرىس قىلىپ ياتقۇدەك!

ئۈكەملەردە لوپنۇر توغراقلىقىدا يولۋاس چېلىقمايدىغان بولۇپ
كەتكەنىكەن. يولۋاس ھەققىدە ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايت-
تۇق. يولۋاسخان سېھىر - جادۇغا بەند بولغاندەك ئەس - ھوشىنى
يوقىتىپ، قارا تەرگە چۆمۈلگەنچە مىدىر - سىدىر قىلالماپتۇ. يول-
ۋاسمۇ خىرىس قىلغانچە يېتىۋېرىپتۇ. يا يولۋاسخان قاچماپتۇ. يا
يولۋاس ئۇنىڭغا ئېتىلماپتۇ.

شۇ كۈنى يولۋاسخان تۈن يېرىمىدا يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.
قولىدا ئولجا تۇگۇل قارا مىلتىقمۇ، ئوۋ مەنقۇلاتلىرى قاچىلىنىدى-
غان خۇرجۇنىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ ھېچكىمگە سەزدۇرمەي، قومۇش
ئوتنىغا غىپپىدە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ كىرگەنچە ئۈچ كۈنگىچە تالاغا
چىقماپتۇ.

يولۋاسخان تۆتىنچى كۈنى تاڭ سۇزۇلگەندە ھېلىقى ياردامچىلىقتا
پەيدا بوپتۇ، گاھ ئالدىغا ماڭىدىكەن، گاھ كەينىگە يانىدىكەن، تۇ-
رۇپلا ئىزىدا توختىماي چۆرگىلەيدىكەن. قۇلاق تۈۋىدە بولسا ئاتا
ۋەسىيىتى جاراڭلايدىكەن.

خۇدانىڭ ئامانىتىنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ئوۋ مىلتىقىم ساڭا

ئامانەت. ئەمدى سەن بۇنى ئاتام دەپ بىل، جىنىڭدەك چىڭ ساقلا!

يولۋاسخان ئاتىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تەۋررۈك مىلتىقنى جىنىدەك چىڭ ساقلاپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ بىلەن قەھەتچىلىكتە يۇرتنى تويدۇرغان، ئىززەت - ھۆرمەت تاپقانىكەن.

لېكىن، يولۋاسنىڭ سۇر - ھەيۋىتى كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئاجىز بەندىلىكىگە قايتىپ نەپسى - غۇرۇرى پايخان بولىدىكەن.

ئاخىر، زامانى ئەۋۋەلدىن تارتىپ تاغۇچۆلنى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن ئابا - ئەجدادىنىڭ ئاتەش قېنى يولۋاسخاننىڭ تومۇرىدا مەۋج ئۇرۇپتۇ. مەدەتكار روھىناتلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچۈپتۇ.

يولۋاسخان ئۈچ غولاچ كېلىدىغان توم قىل ئارقاننى چەپ بىلىكىگە مەھكەم يۆگەپتۇ. ئوڭ قولىغا ئەگرى بىسلىق خەنجىرىنى ئاپتۇ. بۇرۇندا لوپنۇر چۆللىرىدە ياشاپ ئۆتكەن تاغ يۈرەك پولگانلاردەك ئارقان يۆگەلگەن بىلىكىنى يولۋاسقا چىشلىتىپ، خەنجەر بىلەن قارنىنى چۈۋۈپ تاشلىماق بوپتۇ.

يولۋاس گويا ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئەسلىدىكى جايىدا ياتقانىكەن. قارا مىلتىقمۇ، ئالا خۇرجۇنمۇ شۇ پېتى تۇرغۇدەك، پەقەت ھېلىقى ئۈششاق ئوۋ — بەش - ئالتىچە ياۋا ئۆردەك، توشقان كۆرۈنمەپتۇ. يولۋاسخان خەنجىرىنى مەھكەم سىقىمداپ، جىنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ يولۋاسقا ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپتۇ. يولۋاس ئاۋۋالقىدەك مىدىرلىماي، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ خاتىرجەم يېتىۋېرىپتۇ. بۇ ھال يولۋاسخاننى ۋەھىمىگە ساپتۇ. ئۆزى ئەزەلدىن يولۋاس ئوۋلاپ باقمىغان بولسىمۇ، يولۋاسنىڭ ۋەھشىي ھەم ئەقىللىق ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىكەن. يولۋاسخان ھوشيارلىنىپ ئىزىدا توختاپ قاپتۇ. بايقىغۇدەك بولسا، يولۋاسنىڭ ئالدى پەنجى ئېزىلىپ قانتالاش بولۇپ كەتكەنىكەن. يولۋاسخاننىڭ يۈرىكى توملاپتۇ. ئىككى چامداپلا قارا مىلتىقنى قولىغا ئاپتۇ. يولۋاسنىڭ نەق قاشقا ماڭلىيىنى نىشانلاپتۇ.

شۇ قەرنە يولۋاسخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئەپسانە - چۆچەكلەردىكىدەك

مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ.

يولۋاس ئېزىلگەن پەنجىنى يالاپ، قازاندەك بېشىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆز تىلىدا ئۇنىڭغا ئىشارەتلەر قىلىۋاتقۇدەك! چېقىر كۆزلىرىدە يامانلىقنىڭ زەررىچە ئالامىتى كۆرۈنمەپتۇ.

يولۋاسخاننىڭ تەپكىنى بېسىشقا تەمشەلگەن بارمىقى توختاپ قاپتۇ. يىرتقۇچقا رەھىمدىللىك قىلىش — ئوۋچىلىققا يات ئىش بولسىمۇ، ئاقىۋىتىنى پەملەپ تۇرسىمۇ، ئۆمرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم شۇ چاغ يارىدار يولۋاسنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.

يولۋاسخان بىر هازادىن كېيىن يارداڭلىقتىن قايتىپ چىقىپتۇ، تا كۈنپاتقۇچە توغراقلىق ئىچىدە ئەس-هوشىنى يوقاتقاندەك گاراڭ— مەقسەتسىز چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ.

تاڭلا كۈن يولۋاسخان تېنى تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمىگەن تۆت - بەشچە ياۋا ئۆردەكنى ئېلىپ هېلىقى يارداڭلىققا كەپتۇ. يولۋاس يەنىلا ئۆز جايىدا ياتقانىكەن. ئېچىرقىغان يولۋاس يىراقتىنلا ئۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپ تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇمتۇلۇپتۇ. يولۋاسخان يولۋاسنىڭ ياۋا ئۆردەكلەرنى هاڭدەك ئاغزىغا ئېلىپلا يالماپ - يالماپ يۇتۇشىنى تاماشا قىلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە تەنها يولۋاس ۋەهشىي قاۋان توپى بىلەن ئېلىشىپ ئەجەللىك يارىلانغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئەپسانە - چۆچەكلەردە سۆزلەنگەندەك، قەدىمدىن تارتىپ چۆل - باياۋاندا هاكىملىق تالىشىپ كەلگەن ئىككى زوراۋان — ئادەم بىلەن يولۋاسنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېغىرداش دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

ئادەملەر ئۆزلىرى سېزىۋالغانمۇ ياكى يولۋاسخان سۆزلەپ سالغانمۇ، ئۇزاققا بارماي بۇ ئىش پۈتۈن لوپنۇرغا پۇر كېتىپتۇ.

يولۋاسخان بەهەيۋەت بىر يولۋاسنى مىنىۋېلىپ توغراقلىقتا ئوۋ ئوۋلارمىش.

يولۋاسخان هەققىدىكى گەپ - سۆزلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا

كۆچۈپ، ئاقىۋەت ئامبالنىڭ قولىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئامبالنىڭ قورسىقىغا قانداق جىن كىرگەن، ئاتلىق ئىككى چېرىكنى بۇيرۇپ يولۋاسخاننى چاقىرتىپ كەپتۇ.

شۇ چاغدا مەن يامۇلدا كاناي چالىدىغان چېرىك ئىدىم. نېمىشقىدۇر ئامبال يولۋاسخاننى رەسمىي قائىدە - يوسۇن بويىچە يامۇلدا قوبۇل قىلدى. قارىساق، ئىشىك باقار بېشىغا يوغان كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا پەش جىيەكلىرى چۇچىلىق، پالاستىن تىكىلگەن كېپىنەك تون[1] كىيگەن، ئۆڭى قارا، ۋىجىك ھەم ئورۇق بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ئامبالغا مەلۇم قىلدى. ھەممەيلەن ھەيران بولدۇق. نامى لوپنۇرغا پۇر كەتكەن يولۋاسخان مۇشۇ ئادەم ئىكەن.

يولۋاسخان ئامبالغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. تىزلانمىدى ھەم بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

يامۇل ئىچىنى خېلىغىچە ئېغىر سۈكۈت باستى، بۇنداق غەيۇرلۇق قارا باش پۇقرا ئۇچۇن پالاقتا تارتىلىدىغان گۇناھ ھېسابلىناتتى.

— ئاڭلىشىمچە، يولۋاسقا مىنىۋېلىپ ئوۋ ئوۋلىغۇدەكمىشسەن، بۇ راستمۇ؟

— يالغان.

— ئەلۋەتتە يالغان. ئەرشتىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالاردىن ئەمەستە سەن. ئەمما، شۇنداق بىر يولۋاسنىڭ بولغىنى راستتۇر؟

— راست.

— بەستى ئاجايىپ زور دېيىشىدىغۇ؟

— بىلمەيمەن، لوپنۇردا ئۇنىڭدىن باشقا يولۋاس كۆرمىدىم.

— ئوۋغا چىققاندا دائىم بىللە بولامسەن؟

— ئوۋنى بىللە ئوۋلايمىز.

ئامبال شالاڭ ساقىلىنى سىيپاپ ھەۋەسلىنىپ كۈلدى.

— باتۇر ھەم راستگۆي ئادەمكەنسەن، مەن سېنى تارتۇقلايمەن.

---

① كېپىنەك تون — ئوۋچىلارنىڭ ھەم كىيگىلى، ھەم يېپىنغىلى بولىدىغان، رەختتىن تىكىلگەن گاچا پەلتو شەكلىدىكى چاپىنى.

ئامبال يېنىدىكى دوك خەزىنىچىگە ئىشارەت قىلدى. ھايال ئۆت-
مەي مىس پەتنۇستا بەش دانە يامبۇ كەلتۈرۈلدى.
— مانا بۇ كۇمۇشلەرگە بىر قورۇ مال قىلىۋال، ئاندىن توغراق-
لىقتا بېرىپ ھېلىقى يولۋاسنى تاپ.
— خوپ.
— دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ يولۋاسنىڭ تېرىسىنى ماڭا ئەكېلىپ
بەر.
يولۋاسخان ئامبالنىڭ ئۆزىنى يامۇلغا چاقىرىشتىكى مۇددىئاسىنى
ئالدىنئالا بىلگەن چېغى، گەپنى ئۇزۇپلا ئېيتتى.
— ئامبال بېگىم، يولۋاسنى ئەمدى ئۆلتۈرەلمەيمەن. ھەممە
ھەيران بولدۇق.
— نېمىشقا ئۆلتۈرەلمەيسەن؟
—...
— يولۋاس لوپنۇردىن غايىب بولدىمۇيا؟
— يولۋاس لوپنۇردا.
— ئەس - ھوشۇڭ جايىدىمۇ سېنىڭ، ئۆزۈڭ ئوۋچىيۇ، يولۋاس-
نى ئۆلتۈرمەيسەن؟
— ئەمدى ئىلاجىم يوق.
— زىيانداشنى يوقىتىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قوغداش ئوۋچىد-
نىڭ مەجبۇرىيىتى. بۇ ھەم دىنىمىزدىمۇ ساۋابى چوڭ ئىش ئەمەس-
مۇ؟
—...
— ئاۋامنىڭ مال - جېنىنى پىسەنتىگە ئالماي، پەرمانغا بويۇن-
تاۋلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەرقانداق جازا بېرىشكە ھەقلىقمەن.
يولۋاسخان بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى. ئامبالنىڭ سەۋرى
تاشتى - دە، زەردە بىلەن يىگىنى سىلكىدى.
— زىندانغا تاشلاڭلار بۇ سەۋدانى. مېنىڭ ئىجازىتىمسىز بىر
كاپام ئاش - نان ھەم بىر يۇتۇم سۇمۇ بېرىلمىسۇن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈت - قوللىرى كىشەنلەنگەن، چىرايى ساماندەك سارغايغان يولۋاسخان يامۇلغا يالاپ كېلىندى.

— ئېچىرقاپ ئۆلەمسەن ياكى گېپىمگە كۆنۈپ، كېيىنكى تۇر-مۇشۇڭنى باياشات ئۆتكۈزەمسەن؟

ئامبال ئۇزاق كۈتتى. يولۋاسخاندىن ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئامبال كۇرسىتىن قوپۇپ يولۋاسخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاجايىپ ئادەمكەنسەن، يولۋاس ئۈچۈن جېنىڭدىن ۋاز كەچ-كىلىۋاتىسەن، سېنى توغراقلىقتىكى جىن - ئالۋاستىلار جادۇ قىلد-ۋالغان ئوخشايدۇ. خەير، قېنى كۆرەيلى. مالىڭ، ئۆيۈڭگە كەت. ھازىردىن باشلاپ سەن ئازاد.

ئامبال شۇ كۈنىلا يولۋاسخاننىڭ يۇرتىدىكىلەرنىڭ سېلىقىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

ئالەمنىڭ چەت - ياقىسىدا چارۋا مال بىلەن ئۈۋچىلىققا تايىنىپ ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدەك ياشاپ كېلىۋاتقان بىچارە خەلق بۇن-چە ۋالا سېلىقنى تۆلىيەلىسۇنمۇ؟ ئەلۋەتتە تۆلىيەلمەيتتى. ئاقىۋەت يۇرت - ماكان خانىۋەيران بولاتتى. بۇنىسى مەككار ئامبالغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

يارلىق جاكارلىنىپ ئالاھازەل ھەپتە - ئون كۈن ئۆتتىمىكىن، يولۋاسخان يامۇلغا كەلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ كۈنى يارلىق يولۋاسخاندىن بۇرۇن يۇرتقا يېتىپ بېرىپتىمىش. تاڭلا سەھەر يۇرت خەلقى ئەر - ئايال، قېرى - ياش جىمىسى يولۋاسخاننىڭ قومۇش ئوتىغى ئالدىغا يىغىلىپ-تۇ. كۈن قوزا چۈش بولغۇچە ساقلىشىپتۇ. يولۋاسخاندىن ھېچقانداق شەپە - سادا بولماپتۇ. ئاخىر يۇرت ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچەيلەن يولۋاسخاننىڭ ئوتىغىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارىلىقتىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلار يولۋاسخان بىلەن بىللە ئوتاغدىن چىقىپتۇ. يولۋاسخاننىڭ دولىسىدا قارا مىلتىقى ئېسىقلىق ئىكەن. ئۇلارنىڭ

ئوتتۇرىسىدا نېمە گەپلەر ئۆتۈلگەن، بۇ ھازىرغىچە بىر سىر.

ئامبال يولۋاسخانغا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قاراپ، مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلدى.

— بولىدۇ، ئىككىمىز پۈتۈم قىلايلى، سەن يولۋاس تېرىسىنى ئەكېلىسەن. مەن يارلىقنى ياندۇرۇۋالىمەن.

ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ كۈرسىنى شەرەتلىدى.

— مانا بۇنىڭغا قارا، ئوۋچى، مەن يولۋاس تېرىسىنى ھۆكۈمدارلىق كۈرسىغا سېلىنچا قىلماقچىمەن. شەرت شۇكى، يولۋاسنى ئۆلتۈرگەندە، نەيزە سانجىپ ۋەياكى خەنجەرلەپ زېدە قىلمايسەن، تېرىسىنى ماڭا ساق تاپشۇرۇشقا كېپىللىك قىلىسەن.

يولۋاسخان كۆزىنى گىجىر - مىجىر نەقىشلەر ئويۇلغان كۇرسىقا قادىغىنىچە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

— كېپىللىك قىلىمەن.

— قېنى، ئەمىسە ھازىرلا يولغا چىق. مەن ساڭا ئادەملىرىمدىن بىرنى قوشۇپ بېرىمەن. ۋەزىپىنى ئادا قىلالىساڭ، ھېلىقى بەش دانە يامبۇمۇ سېنىڭ بولىدۇ.

— ماڭا يامبۇڭمۇ، ئادەمىڭمۇ لازىمى يوق، — دېدى يولۋاسخان.

— يامبۇنىڭ لازىمى بولمىسا، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. لېكىن، بىر ئادىمىم سەن بىلەن بىللە بارىدۇ. سەن ئالتۇن - كۈمۈشنى دوست تۇتمايدىغان سەممىي - ساداقەتمەن ئادەمسەن. شۇنداقتىمۇ ئادەمدە سەن. ئېزىتقۇ - شاياتۇنلار ماكان تۇتقان توغراقلىقتا ھەمشىرىك يولۋىسىڭ بىلەن تېپىشساڭ، كاللاڭغا نېمە يامان ئوي - خىياللار كەچمەيدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ.

ئامبال تۆۋەندىكى — چوڭ زالنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى نەيزەكالتەكلەرنى تۇتۇشۇپ، ھەيۋەت بىلەن قېتىپ تۇرغان ياساۋۇل، چېرىكلەرگە قاراپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— شىرمەتلەر! قېنى قايسىڭلار بۇ ئادەم بىلەن بىللە يولۋاس ئوۋلىغىلى بارىسىلەر. مەيلى كىم بولسۇن، مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ، بەش يامبۇ بىلەن تارتۇقلايمەن.

زال ئىچىنى پاشا ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈت باستى. ياساۋۇللارمۇ، چېرىكلەرمۇ چىڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي بۇتتەك قېتىپ قالدى. مەن ئۇ «شىرمەتلەر» نىڭ يولۋاس ئوۋلاش تۇگۇل، توغراقلىقتا كىرىشتىنمۇ قورقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم.

سۈكۈت ئۇزاققا سوزۇلدى. ئامبالنىڭ تەرى تۇرۇلۇشكە باشلىدى.

ئۇكەملەردە مېنىڭ بۇغرادەك قارا كۆچكە تولغان، قانلىرىم ئاساۋ ئاتتەك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش ھەم نادان مەزگىلىم ئىدى. سۇناي تارتىشتىن تاشقىرى يەرلىك چېرىكلەرگە مەشقاۋۇللۇق قىلىپ يۈرۈپ، يامۇلنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالغانىدىم. يامۇلنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرىدا ئامبال بىزدەكلەرنى ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، تەۋەككۇل دەپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم.

— ئامبال بېگىم، مەن باراي.

ئامبال خېلىغىچە ئاچچىق پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، نائىلاج قوشۇلدى.

بىز شۇ كۈنىلا يولغا چىقتۇق.

يانلار ھەققىدە بايا ئامبال توغرا ئېيتقان. سىن - پوسۇنى، تىلئىمانى بىزچەيۇ، مىجەز - خۇلقى باشقا بىر ئالەم كىشىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تولا گەپنى خوشلىمايدۇ. ئەلكۈن[1]گە خىيانەت قىلغاننى بەكلا يامان ئالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاخىرەتلىك نامىزى ئوقۇلغاندىمۇ، يۇرتداشلىرى گۇناھىدىن ئۆتمەيدۇ.

شۇ ۋەجدىن، يولۋاسخانىنىڭ نەزەر - گۆزىرىدە مېنىڭ قانداق

① ئەلكۈن — ئاۋام، خەلق.

ئادەملىكىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. يولۋاسخان بۆرىدەك ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيتتى. قويۇق توغراقلىقتا ئۇششاق چامداپ، تونۇش سوقماقلار بىلەن توختىماي يورغىلاپ ماڭاتتى. مەن مىلتىقىمـ ـنى بەتلىگەن پېتى يولۋاسخاندىن بىر قەدەممۇ كېيىن قالماسلىققا تىرىشىپ ھاساسلايتتىم. سەللا پەخەس بولمىسام، يولۋاسخان كۆز ئالدىمدىن ئەرۋاھتەك غايىپ بولۇپ كېتىدىغاندەك، ھېلىلا قايسىبىر توغراقنىڭ ئارقىسىدىن ھۆركىرەپ يولۋاس ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قارا تەرگە چۆمەتتىم. مىلتىقىم تەردىن ھۆللىنىپ قولۇمدا تۇرمايتتى. ئىرماش - چىرماش يىلتىزلارغا پۇتلىشىپ، كېلەڭسىز تېنىمنى چوڭقۇرالماي يىقىلاتتىم. ئېچىرقىساق خالتىمىزدىكى تالقانـ ـنى سۇغا چېلىپ، قۇرۇتۇلغان نان بىلەن ئېۋېتىپ يەيتتۇق. كېچىـ ـلىرى گۇلخان يېنىدا كېپىنەك تونىمىزغا ئورىلىپلا ئۇخلايتتۇق. يولۋاسخاندىن «ھە» ياكى «ياق» تىن بۆلەك زۇۋان چىقمايتتى. گوياكى مەندەك بىر سۇنايچى چېرىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقـ ـلاپ يۈرگىنىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدى.

شۇ تەرىقىدە توغراقلىقنى نەق ئىككى كۈن ئارىلىدۇق. يولۋاس تۈگۈل بىرەر ياۋا توشقانمۇ ئۇچرىمىدى. توغراقلىقنىڭ ھەممىلا يېرىـ ـدە سۈرلۈك ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ھاياتلىقتىن ھېچبىر شەپە يوق ئىدى. يولۋاسخاننىڭ تۇرقىمۇ ھېچبىر ئۇۋچىغا ئوخشىمايتتى. مەن شۇندىلا ھېس قىلدىمكى، ئىككى كۈندىن بېرى يولۋاسخان يولـ ـۋاسنى ئىزدىمەپتۇ. يولۋاستىن يىراق جايدىكى توغراقلىقلارنى قارا — گۇجۇر چۆرگىلەپ، بۇ كەلگۈلۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال - چارىسىنى ئىزدەپتۇ. ئىككى كۈن ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئېلىشىپتۇ.

ۋەھالەنكى، ئامبالنىڭ بىزگە بەرگەن مۆھلىتى ئۈچ كۈن ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنگە ئۆتەر كېچىسى مېنىڭ كۈچ - ماغدۇرۇممۇ، سەۋر - تاقىتىممۇ تۈگىدى. گۇلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ يولۋاسخانغا شۇنداق دېدىم:

— نېمىلا بولاي، مەنمۇ بىر لوپنۇرلۇقنىڭ ئەۋلادى، ئاكا. ئاتا-بوۋىلىرىممۇ ئوۋچىلىقنىڭ نېنىنى يېگەن. ئىككى كۈندىن بېرى بې-كارغا ئاۋارە بولۇۋاتقىنىمنى تۈيۈپ تۇرۇۋاتىمەن. يولۋاس بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق - ۋاپانىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇ-قىغا مەندەك ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغاندۇر. شۇنداقتىمۇ ھايۋان ئادەمدىن ئەزىز ئەمەسقۇ. ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە شۇ قىسمەت پۈتۈلۈپتىكەن، ئەمدى تارتماي ئامال يوق. مېنى كاتىۋاللىق قىلدى دېمە. ماڭا يامبۇمۇ، مەرتىۋىمۇ كېرەك. ئىشىمىزنى قەرەلىدە پۈتكۈ-زەيلى. خالىساڭ، ئامبال ۋەدە قىلغان يامبۇ ھېلىھەم سېنىڭ بول-سۇن. ئۆزۈڭ ئويلىنىپ كۆرگىن.

يولۋاسخان ئىككى كۈندىن بېرى تۈنجى قېتىم ماڭا يۈزمۇيۈز قادىلىپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ كەتتى.

— ھەي دېۋەڭنىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ، — مەن خەلقىمگە ۋەدە قىلغانمەن. ھەق ۋە خەلققە بەدگۇپا ناجىنسلاردىن ئەمەسمەن. سېنىڭ مېنى بىسەگدەپ، ۋەزخانلىق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. خاتىرجەم ئويقۇڭنى ئۇخلا. يولۋاس تېرىسىنى دېگەن قەرەلدە ئامبىلىڭغا تاپشۇ-رىسەن. ھېلىقى بەش يامبۇڭنىمۇ، مەرتىۋەڭنىمۇ ئۆزۈڭ چېكەڭگە تاڭ.

ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن يەر باغرىنى يونۇپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان چوڭقۇر بىر يارداڭلىقتا يېتىپ كەلدۇق. يارداڭلىقنىڭ ئىچى ئورماندەك بۈك - باراقسان قومۇشلۇق ئىدى. تۆۋەندە غايەت زور قارا يىلاندەك سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. بىز يار لېۋىنى بويلاپ مېڭىپ، خېلىدىن كېيىن يارداڭلىقنىڭ ئايىغىغا كېلىپ توختىدۇق. يولۋاسخان يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇمساڭغۇ توپىدىكى ئىزلارغا ئۇزاققىچە سىنچىلىدى. قارامتۇل جۇسى ئۇمسىلە بولۇپ، بارا - بارا سارغىيىپ كەتتى.

— ئوۋدىن ھېلىلا يېنىپتۇ، — دېدى يولۋاسخان تىترەڭگۇ ئاۋاز-

دا.

ئاباي شۇنى كۆڭلۈم تۇيغان بولسىمۇ، شۇ ھامان يۈرىكىم يېڭى-ۋاشتىن دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

يولۋاسخان ئورنىدىن تۇرۇپ قارا مىلتىقىنى ئوقلىدى، مەنمۇ شىراق[1]لىق مىلتىقىمنى دولامدىن ئېلىپ، بۇ ھايات-ماماتلىق ئوۋغا راسلاندىم.

— سەن مۇشۇ يەردە قال، — دېدى يولۋاسخان شۇ چاغ ئۇزۇپلا، — سېنى ئەمدى بۇنىڭدىن نېرىسىغا ئۆتكۈزەلمەيمەن، جايىڭدا سەۋر - تاقەت بىلەن مېنى ساقلا، تاكى مەن سېنى توۋلىمىغۇچە ئۇياقتىن قولىقىڭغا قانداقلىكى تاۋۇش ئىشىتىلسۇن، يارداڭلىققا كىرمە ھەم زىنھار ئوق ئاتما، جان ھەم مال لازىم بولسا، گېپىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، بولمىسا، ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ ھالاك قىلىسەن.

مەن ئەس - ھوشۇمنى يىغىپ بىرنېمە دېگۈچە، يولۋاسخان يار-داڭلىققا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

كاللامغا غۇژژىدە ئاچچىق تەپتى. بوي - بەستى قولتۇقۇمغا كەلمەيدىغان بۇ چۈغۈندەك ئادەم ئۈچ كۈندىن بېرى مېنى ئوۋ ئىتى چاغلىق نەزىرىگە ئىلماي ۋاتاتتى. ئۇ كەملەردە تەپسە تۆمۈرنى ئۈزىدى-غان، خېيىمخەتەرنى ئىزدەپ يۈرىدىغان كۆرەڭ يىگىت ئىدىم، يامۇل-دىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىززىتىم، نام - ئاتىقىم بار ئىدى. يولۋاس بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشالايمەن دەپ مەيدەمگە ئۇرالمىسامىمۇ، قورقۇپ ئۆزۈمنى يانغا ئالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم.

شۇ تاپ كاللامدا تۇتۇن قايناپتتى. رەللە بولۇپ ئىزىمدا تېپىر-لايتتىم. يولۋاسخاننىڭ سۆزلىرىدە بىر يامان نىيەت باردەك تۇيۇلات-تى. ئىبلىس ئەلەيھى تېرەمدە قوڭغۇزدەك گۇمان دېگەن نىجاسەتنى

---

[1] شىراق — ياغاچتىن ياسالغان ئاچىماقلىق ئىتتىك، دۇشالقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دومىلىتىپ دىلىمنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ باس-تۇرۇپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ تۇراتتىم. مىلتىقىمنى ئوقلاپ، پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن ياردائىلىق-نى تىڭشايتتىم.

كۈن قىيام بولمايلا بۇغا تىنىقى باشلانغانىدى. ياردائىلىقتا ئادەم ئەيمەنگۈدەك مۇدھىش تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. قومۇشلارنىڭ شىلدىرلىغان، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بول-مايتتى. بەئەينى ياردائىلىقتىكى تامام جانلىق ھېلىلا ياردائىلىقنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىدىغان بىر دەھشەتنىڭ روي بېرىدىغىنىنى ئالدىن سەزگەندەك ۋەياكى پىژغىرىم ئاتەش ئىسسىقتا قورۇپ قېتىپ كەتكەندەك ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى.

شۇ ھالدا جىق بولسا بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندۇر. ماڭا شۇنداق ئۇزاق تۇيۇلدىكى، ئەييۇھانناس! ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى يارداڭ-لىقنىڭ ئالدىدا يولۋاسخاننى ساقلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئۇنىڭ نېرىسىغا تاقىتىم توگىدى.

ئۆشنەمدىكى لاقا - لۇقىلارنى ئىرغىتىۋېتىپ، قومۇشلۇق ئىچىد-گە غالجىر ناردەك بۆسۈپ كىرىپ كەتتىم. قومۇشلار پاراسلاپ سۇنات-تى. ئەتيانلىرىم تىلىنىپ، چىدىغۇسىز ئېچىشاتتى. مېنىڭ ئەس - يادىم يولۋاسخاندىلا ئىدى. ياردائىلىقتا بولسا يولۋاسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. گوياكى ياردائىلىققا ئەزەلدىن ئادەم زاتى ئاياغ بېسىپ باقمىغاندەك، بىرەر ئىزمۇ چېلىقمايتتى. ھەر ماڭدامدا گۇمانىم ئا-شاتتى. يولۋاسخان مېنى نېرىدا ساقلىتىپ قويۇپ، ياردائىلىقتىكى مەخپىي سوقماقلار بىلەن يولۋاسنى ئەگەشتۇرۇپ ئالىلىبۇرۇنلا كۆز-دىن غايىب بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

قانچە ئۇزاق ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن. بىركەمدە ياردائىلىقنى لەر-زىگە سېلىپ ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. ئىزىمدا قېتىپ قالدىم، بەئەينى ئوق ماڭا تەگكەندەك، شۇ لەھزە تومۇرلىرىمدا قانلىرىم ئۇيۇپ، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. شۇنىڭدىن بىر تىنىق

ھايال ئۆتمەي، تېخىمۇ دەھشەتلىك بىر سادا — يولۋاسنىڭ ھۆركىرىد-
گەن ئاۋازى يەر- زېمىننى تىترىتىۋەتتى.
خېلى ھازادا — ياردائىلىقتىن يانغان سادا بېسىققاندا ئېسىمگە
كەلدىم. ئوق ئاۋازىمۇ، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىمۇ ماڭا يېقىند-
لا بىر يەردىن ئاڭلانغاندى. شۇغىنىسى، ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ئاڭقىد-
رالماي مەڭدەپ قالدىم. ھايال ئۆتمەي يولۋاس يەنە ھۆركىرەشكە
باشلىدى. مەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپنى مۆلچەرلەپ ئانچە ماڭمايلا، ئاند-
ساندا قومۇش ئۆسكەن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدىم.
ئۇلار — يولۋاس بىلەن يولۋاسخان شۇ يەردە ئىكەن.
بەخۇدۇك ئوق يېتىم نېرىدا — ياردائىلىقنىڭ ئۇلىدىكى سۇ يالاپ
ئويمان ھاسىل بولغان يېرىدە يولۋاسخان بېشىنى سېلىپ، مېيىت
نامىزىغا تۇرغان ئادەمدەك ئۆرە تۇراتتى. قولىدا مىلتىقىمۇ كۆرۈند-
مەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا يولۋاس ئۆز قۇيرۇقىنى تالاپ، جان ئاچچىقتا
ئۇزۇك - ئۇزۇك ھۆركىرەپ، قۇيۇنتازدەك پىرقىرايتتى، يولۋاسخاند-
مۇ، يولۋاسمۇ يار بويى ئۆرلىگەن قويۇق توپا - چاڭ ئىچىدە غايىب
بولايلا دەپ قالغاندى. يولۋاسخان ئوقنى جان يېرىگە تەگكۈزەلمىگەن
چېغى، يولۋاس ھېلىتىن ھالسىزلىنىدىغاندەك قىلمايتتى.
يولۋاسخان شۇ تۇرقىدا پېشانىسىگە پۈتمىش ئۆلۈم - كۆرۈمنى
يولۋاسنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرغانىدى. تەلۋىلەشكەن يولۋاس ئۆز ۋاقتىدا
رەھىم قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ ئالغانۇ، ئەمدىلىكتە جېنىغا قەست
قىلغىلىۋاتقان بۇ غەلىتە ئادەمنى ھەردەم بىر ھەملە بىلەن پارە - پارە
قىلىۋېتەلەيتتى.
مەن جايىمدىلا يەكتىزلىنىپ يولۋاسنى قارىغا ئالدىم. قېرىشقاند-
دەك، يولۋاسخان ئىككى ئارىدا كاشىلا بولۇپ، قورۇپ قالغان توغ-
راقتەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى، توپا - چاڭمۇ ھەدەپ
قويۇلۇپ ئۇلارنى يەپ كېتىۋاتاتتى. تەڭقىسلىقتا قولۇم تېخىمۇ بەك
تىترەيتتى، قانچە ئۇزاق ئۆتتىكىن، چەككە ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس،
تەپكە بېسىلىپ كەتتى. شۇ ھامان يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىمۇ چىپپىدە

توختىدى.

بۇ چاغ يولۋاسخانمۇ، يولۋاسمۇ توپا - چاڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغانىدى. خېلىدىن كېيىن توپا - چاڭ بېسىقتى. ئۇيماندا يولۋاسخان تۇگۇلۈپ ياتاتتى. يولۋاس غايىب بولغانىدى.

كۆڭلۈم بىر پالاكەتنى تۇيۇپ، بەدىنىمنى سوغۇق تەر باستى. مۇدھىش گۇمان شىللەمگە تاغ بولۇپ چۈشتى. مىلتىقىمنى ئوقلاشنىمۇ ئۇنتۇپ، مىڭ پاتمان ئېغىرلاشقان پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، يولۋاسخاننىڭ يېنىغا ماڭدىم. ئالاھازەل ئارىلىقىمىز يېرىملىغاندا، ئاپئاق توپىغا كۆمۈلگەن يولۋاسخان بىر قولىدا تىرەجەپ ئۆرە بولدى. يەنە بىر قولى بىلەن چىلىق - چىلىق قانغا مىلەنگەن ئوڭ بېقىنىنى مەھكەم بېسىۋالغانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— بۇيـان كەلمە... جايىڭغـا يان! ياردىـن چىقىـپ كەت، ئىلدام... يان...

مەن ئالدى - ئارقامغا مېڭىشىمنى بىلەلمەي، ۋەج - سەۋەبىنى ئاڭقىرىۋالغۇچە ئارقامدىن قومۇشنىڭ پاراسلاپ سۇنغىنى ئاڭلاندى، كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگە بەھەيۋەت يولۋاس گۇمۇرۇلگەن ياردەك سالماق بىلەن تۆپەمدىن باسماداپ چۈشتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇرتىكىلەر مېنىڭ چالا ئۆلۈك تېنىمنى ياردائىلىقتىن تېپىپ يامۇلغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئەمما، يولۋاسخاننى تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى يولۋاسخانمۇ، يولۋاسمۇ لوپنۇر تەۋەسىدىن غايىب بولۇپ كەتتى.

* * *

ئەتىسى سەھەر تۇلەك بوۋاي بىلەن خوشلاشتىم. كېچىچە گۇلخان يېقىپ تۇتقان بېلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى چىگە شوينىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىمغىنىمغا قويماي قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ھەسسىنەي، — دېدى بوۋاي، — تومۇزدا كەلگەن بولساڭ بىر

قاپاق مۆڭكۈ[1] يىغىپ بېرەر ئىدىم.

— تومۇزدىمۇ كېلىمەن، بوۋا، ھازىرقىدەك بىر كۈنلۈك ئەمەس، خالىساڭ ئۈچ - تۆت كۈنلۈك قوناققا كېلىمەن.

— شۇنداق قىل، بالام. لوپنۇرلۇقنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى لوپنۇر توغراقلىرىدەك ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئالەمنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكۈچە، ئاتا - بوۋىلار ھەققىدە كۆرگەن-ئىشىتكەنلىرىمنى ئېيتىپ تۈگىتىۋالاي. ئەتمىشلىرىمىز كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك ھەم ئىبرەت بولسۇن. بۈگۈنكى تىنچ، بەرىكەتلىك زاماننىڭ قەدرىنى بىلسۇن!

2005- يىل 6- ئاي

① مۆڭكۈ — توغراق سۈيى.

# ئالتۇن بۇت

يۇمشاق كېپىشىنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى يەنە ئىشىتىلدى.

راھىبكالان ئاسىغ تۇتۇڭنى شۇئان يازۇق① تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. نە ۋەج، نە ھال بۇ؟ ئۆزى ئىستىقامەتتىيۇ، ئىجتىھات يوق. تەن ئېتىكاپتا، روھ يوق. كۇنۇتۇنلەپ ئويغاق بۇددا ساكيامۇنىنىڭ② ئىبادەت سۇپىسىدا ئولتۇرسۇنۇ، دۇنيا مالامەتلىرىدىن خالاس تېپىپ، ھوش - ئىدراكنى يىغالمىسا، بۇددىھالىق زېھنىگە نائىل بولۇپ تېرەن پىكىرلەرگە شۇڭغىيالمىسا، ئىدىقۇت ئۇستازى — ئىلتەبىر ئاتالمىش راھىبكالانغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئالەمدە ئازاب چەكمەك بىقارار ھەم ئەبەدىيدۇر. خەيرىيەتكى، ئۇشبۇ ئالامەتلەر ئادەمزات بۇ ئالەمدە گىرىپتار بولىدىغان كۇرمىڭلىغان قاباھەتلىك تارتىمىشلارنىڭ بېشارىتى بولماي، تۆت ئازاب ئىچىدىكى قېرىلىقنىڭ بېشارىتى بولغاي، ئامىتابا!

راھىبكالان ئاستا شىۋىرلاپ كۇمۇش ساقاللىق بىتىنى ئۇستۇن ئالدى. شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ساماۋىلىك زاھىر بولدى.

ساڭرام③ ئىچى ئالتۇن نۇرغا تولۇپ كەتكەنىدى.

باشتىن - بۇياغى — تا نېلۇپەر كۇرسىچە ئالتۇن يالىتىلغان ساكيامۇنىنىڭ ھەيكىلى پەنجىرىدىن كىرگەن نۇر تالالىرى بىرلە جۇلالاپ، بۇزرۇك بۇددا يورۇق ئالەمگە كۆچكەن يەڭلىغ مۆجىزانە

① يازۇق — گۇناھ.
② ساكيامۇنى — بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى.
③ ساڭرام -- ئىستىقامەتخانا — ئىبادەت زالى.

سىياقتا كىرگەن ئىدى.

راھىبكالالان بۆرتۇن[1] بىر ئىزگۈلۈكنىڭ ئىشارە - ۋەھىيسىنى ئالغاندەك شۇ ھامان ئىچى يورۇپ ئالىقانلىرىنى جۈپلىدى. ئۇزاق شىۋىرلاپ سانا ئېيتتى. شۇنىڭدىن سوڭ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قورقۇپ تۇرغان سالى[2] بالىنى ئۈنسىز سوراقلىدى.

سالى بالا كېلەڭسىز يەڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغان قولىنى تاشقىرىغا ئىمالاپ ئالدىراپ مەلۇم قىلدى.

— قورۇدا يوچۇن بىر زىيارەتچى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ.

— ئات - جۆنى كىمكەن؟

— ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. تۇرقىدىن مۇسۇلمان ئېلىدىن كەلگەن زاھىتتەك قىلىدۇ. شۇلاردەك بەتتال ھەم تەرسا ئادەمكەن. ئىككى ئاش پىشىم بولدى. ئۇستازغا مالامەت يەتمىسۇن دەپ ياخشى - يامان گەپلەرنى قىلىپ گۇناھكارمۇ بولدۇم. سەدىقىمۇ تەڭلەپ باقتىم. غەپسە گېپىمگە كۆنمىدى.

سالى بالا ئىۋرىقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بۇقۇلداپ سۆزلەپ كەتتى.

راھىبكالاننىڭ قاپىقى سېلىندى. تېخى ئۇزا كۈنكى ئوردا كېچەشىدە سۇ بېشى[3] تۆمۈر بۇقا قۇجۇدا جەندە - كۇلاھ كىيگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۇپ قالغانلىقى، ئىسلام تەرغىباتىنى باھانە قىلىپ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا سۇقۇنۇپ ئەسكىرىي ئىشلارغا ئائىت ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى توپلاۋاتقانلىقىنى ھەم قۇجۇلۇق مۇسۇلمانلارنى قوزغىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭ خانلىق ئىبادەتخانىنىڭ راھىبكالانىغا ئېيتىدىغان نېمە سۆزى باركىنە؟

راھىبكالالان ئارىسالدى بولۇپ قالدى. خېلى ھازا ئويلىنىپ ئاخىر، ھېچ كۈتمىگەن بۇ مۇسۇلمان زىيارەتچى بىلەن كۆرۈشۈشنى

---

① بۆرتۇن — مەجھۇل.
② سالى — شاگىرت، راھىبلارنىڭ خىزمەتكارى.
③ سۇ بېشى — لەشكەر بېشى.

توغرا تاپتى. بۇددا تەلىمىدا موھتاجغا ساخاۋەت كۆرسەتمەك بۇيرۇل-
غان، ۋەھالەنكى ئۇ زىياندىشى بولسىمۇ.
قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئۇچىسىغا كونىراپ
جۇلىقى چىققان سېرىق ئۇزۇن يوللۇق بۇخاراچە تون، بېشىغا جاھان-
كەزدى ساھىللارنىڭ ئۇچ قىرلىق قارا كۇلاھىنى كىيگەن يوچۇن
كىشى قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى. ئەت - سۆلى ئاپتاپتا كۆيگەن ۋە
قولىدىكى ئۇزىدىن بىر گەز ئۇزۇن بولغان ھاسىسىدەك قاقشال،
ئورۇق ئىدى. قاش - كىرپىكلىرىدىن تارتىپ كۆتمەك ساقىلىغىچە
ئاپئاق توزان باسقان ئاچ ھەم ھارغىن تۇرقى ناھايىتى ئۇزۇن يوللارنى
پىيادە بېسىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.
ئۆمرى بەندىچىلىك ئۆمرىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن قېرى
راھىبكالان سالى بالىغا يۈلىنىپ دەھلىزگە چىقىپ توختىدى. شۇدەم
بۇ يوچۇن كىشىنىڭ ئاداققى ماغدۇرى تۈگىگەندەك بولدى. ئۇ ئاسمان-
دىكى بۇلۇتتەك، بوران ئۇچۇرغان قامغاقتەك نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى
توختىماستىن كېزىپ، غايەت رىيازەتلىك كەچمىشلەرنى بېشىدىن
ئۆتكۈزۈپ ئورتا ئاسىيادىكى بۇددىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جايى —
قۇجۇخانلىق بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئۆز سەپىرىنى تامام قىلغانىدى.
ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى، ھاسا سىڭايان بولۇپ
يەرگە يىقىلدى، ئاندىن ئىزىغىلا تىزلىنىپ راھىبكالانغا باش ئۇردى.
راھىبكالاننىڭ قۇلىقىغا يات ھەم تونۇش ئاۋاز ئىشىتىلدى.
— ئۇستازىم!
راھىبكالان بېشىغا توقماق تەگكەندەك سەندىرەكلەپ كەتتى.
ئالتۇن جىيەكلىك يىپەك كاسايا مۇرىسىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈش-
تى. ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ كۆككە بېقىپ نىدا قىلدى.
— يا، ھەممىگە قادىر كارامەتچى تەڭرىلەر! تىلىكىمنى ئىلىك
ئالغايسىلەر. بەسكى، ئىخلاسمەن قېرى مۇخلىسڭلارنى ئازاب دەش-
تىدىن ياندۇرۇپ چىقىڭلار. جۇدالىق كىشەنلىرىدىن ئازات قىلىڭلار.

ئەرشتىكى سوما[1] ئىچىپ مەست بولۇشقان يەكساسەنەملەرنىڭ[2] — ھەر قىسما سىياقلارغا كىرىپ مەن قېرىنى مازاق قىلىشۋاتقان بولۇشىدىن ساقلاڭلار!

راھىبكالان كۆز ئالدىدىكى قۇتلۇق سىيمانىڭ چۆلدىكى سەراپتەك غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئاسقىپ، ئىككى چامداپ قۇدۇق يېنىغا باردى - دە، يەرگە تىزلىنىپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى دىدارىغا زارىققان قەدىردان كىشىسىنىڭ ياش بىلەن ھۆللەنگەن ساقاللىق يۈزىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ ئۇستۇن كۆتۈردى. بېشارەتلەر راستقا ئايلىنىپ تىلىكىم يەردە قالمىغايكىم، بۇنىڭدىن 40 يىل مۇقەددەم ئۆمرۈمنىڭ چىرىغى — بوگەن ئاتلىق ئوغلۇم مېنى داغدا قويۇپ يارالمىشنىڭ سەۋەب، ھەقىقىتىنى ئىزدەپ، قارارى يوق سەپەرگە ئۇزىغان ئىدى. ماڭارىدا شۇنداق لەۋزە قىلغانىكى…

راھىبكالان نەپسى قىسىلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتەلمىدى.

— ئاشۇ ۋاپاسىز ئوغلىڭىز، ئىدراكسىز شاگىرتىڭىز مەن شۇ، پاسىبانىم.

قىزىل خىش يېپىتىلغان ئىبادەتخانا قورۇسىدا شاگىرت بىلەن ئۇستاز، ئاتا بىلەن ئوغۇل بىر - بىرىنىڭ مۈرىلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇزاققىچە ياش تۆكۈشتى. ئاڭغۇچە، سالى بالا خەۋەر قىلغان چېغى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قىرائەتخانا، ھۇجرىلاردىن راھىبلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. باشتىن - ئاخىر مۇسۇلمانچە ئۇستۇاش كىيگەن، بىتىنى قويۇق ساقال باسقان كىشىنى كۆرۈپ تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ، ھەممىسى ئالىقىنىنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئېگىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى خانلىق ئىبادەتخانىدا ئۆتكەن نوم - سوتىدا تەپسىر ھەم يەشمىسىدە، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن مۆجىزاتتەك بالا

---

① سوما — ئەرشتىكىلەر ئىچىدىغان شاراب.
② يەكسا — جىن - ئالۋاستى.

ھەققىدە راھىبكالاندىنمۇ، قىرى راھىبلاردىنمۇ، ھەتتاكى ئىدىقۇت پۇقرالىرىنىڭ ئاغزىدىنمۇ كۆپ ئاڭلىغانىدى.

بىركەزدىن كېيىن راھىبلار راھىبكالان بىلەن بۇگەننى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ھەممىسى ئۇلارغا تەڭلا تەزىم قىلدى.

— قۇتلۇق بولغاي، ئۇستاز كالان، مەرھابا بۇگەن ئۇستاز.

راھىبكالاننىڭ بولۇق ئاق قاشلىرى ئارىسىدىكى ئورا كۆزلىرى تېخىچە ياشاڭغىراپ تۇراتتى. ئوڭ قولىدا بۇگەننىڭ بېغىشىدىن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

— ھەممىمىزگە قۇت يار بولغاي، ئىبادەتخانىمىز كامال تاپقاي.

سوڭرە، خانلىق ئىبادەتخانا ئىچى بۇت يۇيۇش مەرىمىدەك بۆلەك-چە جانلىنىپ كەتتى. ئارقا - ئالدى قورۇلار سىيرىپ - سۇپۇرۇلۇپ سۇ سېپىلدى. ساڭرامدىكى بارلىق ئىسرىقدانلارغا، بۇددا مۇنارلىرى-دىكى يۇزلىگەن بۇت تەكچىلىرىگە ئەڭ خۇش پۇراق كۆجىلەر يېقىل-دى.

سالى بالا دورىلانغان ئىسسىق ھامامدا بۇگەننى ئۇزاققىچە ئۇۋۇ-لاپ يۇيۇندۇردى. بەدەنلىرىگە ھىندىنىڭ تەننى قۇۋۋەتلەيدىغان خۇش-بۇي مايلىرىنى سۇرتتى. بۇگەن ھەرخىل ئۇستىۋاشلار ئىچىدىن ياقا-پەشلىرىگە گۇللۇك زىغزىق تۇتۇلغان بوز نىمچە - تامبالنى ئايرىپ ئالدى. ئىدىقۇت يوسۇنىدا قارا باشلار[1]شۇنداق كىيىنىشەتتى.

سالى بالا بۇگەننى باشلاپ راھىبكالاننىڭ ساڭرام ئۆگزىسىدىكى ھۇجرىسىغا باشلاپ چىققاندا، راھىبكالان پاكار ئەگمە ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. قاپچىغاينىڭ[2]نەقىشلىك تەكچىلىرىدىكى ساماۋى ھايۋان سۇرەتلىك شامدانلىرىغا، ھۇجرا ئىچىگە يوغان ئاق موم شاملار يېقىۋېتىلگەنىدى.

بۇگەن شام يورۇقىدا كۇسەنىڭ رەڭگارەڭ گۇللەر كەشتىلەنگەن شايىلىرىدەك بەرقى جۇلا چېچىپ تۇرغان تام - تورۇسلارغا بەند بولۇپ

---

① قارا باشلار — تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر، پۇقرالار.
② قاپچىغاي — كارىدور.

جايىدا تۇرۇپ قالدى. بىردەمگىنە ئاجايىپ بىر شېرىن ئەستىلىك قوينىغا بۆلەندى. كۆز ئالدىدا يۈز - كۆزلىرى ھەرخىل بوياقلار بىلەن بويىلىپ كەتكەن، مۇشتتەك يۇرىكىنى ئىدىقۇت سىغدۇرالمىغان 16 ياشلىق بالا زاھىر بولدى.

— 40 يىلدىن بۇيان بويىقى ئۆڭۈپ قالمىدى ياكى ئېرىپ-سويۇلۇپ چۇشۇپ كەتمىدى، بەئەينى ھېلىلا سىزىپ پۈتكۈزگەندەكلا. تەڭرىلەر ساڭا شۇ خاسىيەتنىمۇ بەرگەن. رەسىملىرىڭ 40 يىلغىچە ئەمەس، 400 يىل، 4000 يىلغىچە — مايترى بۇددا[1] زامانىغىچە ئابادىن[2] تانۇك[3] ئۇرۇق - تۇغمىشلەرگە بىباھا مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قالغۇسى.

راھىبكالان قاپچىغاي تېمىدىكى رەسىملەرنى سەۋەنچ بىلەن[4] سىيلىدى.

راھىبكالاننىڭ ساڭرام ئۆگزىسىدىكى ھۇجرىسىدا شۇ كۈنى، ئەتىسى زۆھرە يۇلتۇزى خىرەلىشىپ، كۈن تۇغسۇغ[5] ھال رەڭ ئالغانغا قەدەر شام يېنىپ تۇردى.

راھىبكالان يۆلەكتە پەيدا بولۇپ ھاسىسى بىلەن ياغاچ پەلەمپەينىڭ شادىسىنى تاكىلدىتىپ ئۇردى، ئاندىن سەھەرنىڭ سالقىن، نەم ھاۋاسىدىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. يۆلەكتە تۇرۇپ قۇجۇنىڭ ھەممە سىن - كۆركىنى كۆرگىلى بولاتتى. تاشقى شەھەردىكىلەر — دىندار — دۇكاندارلار، ئوزاغۇت[6]— كاسىپلار، سىڭگىم تەسكەيلىرىدىن يوغان ياغاچ سوغىلاردا مۇزدەك بۇلاق سۈيى توشۇيدىغان سۇچىلار ئاۋۋالقىدەكلا بالدۇر ئويغانغانىدى. شەھەر مەيدانىنىڭ ئۆڭتۈندىكى[7] مانىستانىنىڭ[8] ھويلىسىدا ئاق تون ئۇستىدىن

---

① مايترى بۇددا — ساكيامۇنىدىن 400 يىل كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئۈچ ئۆتكۈ ئىچىدىكى كەلگۈسى زامان بۇددىسى.
② ئابا — ئەجداد.
③ تانۇك — شاھىت.
④ سەۋەنچ — سۆيگۈ - مېھىر.
⑤ كۈن تۇغسۇغ — شەرق.
⑥ ئوزاغۇت — ھۈنەرۋەن.
⑦ ئۆڭتۈن — جەنۇب، ئوڭ تەرەپ.
⑧ مانىستان — مانى دىنى ئىبادەتخانىسى.

ئاق بەلباغ باغلىغان مىسكىن مانىستلار ئەرۋاھلاردەك ئۇن - تىۋىش-سىز ئۇياق - بۇياق مېڭىشاتتى. باش قوۋۇق تەرەپتىن مۇئەززىنىنىڭ سوزۇق، ۋەھىملىك ئەزان ئاۋازى ئىشىتىلدى. ئۇنىڭ نېرىسىدا ئىچ-كى شەھەرنىڭ كۇنگۇرىلىك سېپىلىدا ئۇزۇن سۇنگۇ[①]سىگە يۆلىنىپ قاراغۇلار[②]مۇگدەيتتى.

— لەببەي، ئۇستازىم.

يۆلەك ئاستىدىكى قەپەستەك كىمىردىن سالى بالا ئۇمىلەپ دېگۇ-دەك چىقتى.

— ئاتنى ئېگەر... لە.

راھىبكالان گەپىنىڭ ئايىغىنى تۈگىتەلمىدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ھاسىسىنى جانسىز شىلتىپ ئېغىلنى ئىشارەت قىلدى. سالى بالا ئۇستازىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكىنىنى ئىلغا قىلىپ كۆڭلى ئۆيدى. قوللىرى قولاشماي ئاتنى تەسلىكتە ئېگەرلەپ پەلەمپەي ئالدى-غا يېتىلەپ كەلدى. ئىبادەتخانا دەرۋازىسىدىن چىققاندا ئېسىنى تېپىپ سورىدى.

— ئۇستازىم ... نەگە بارىدىلا؟

— ئوردىغا، ئىلدام بول.

ئوردا ئەھيانلىرى — بەگ-بۇدۇنلار، تۈمەن بىشلار، مۇژاك[③]، قۇجۇ ئېپىسكوپى، قۇجۇ ئاقچى[④]— بېتىكچىلەر[⑤]خان سارىيىدا قۇجۇ بېگىنى خېلى ئۇزاق ساقلاپ قالدى. سەۋر ئېشىپ، غەم - تەشۋىشكە ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. مۇژاك بىلەن ئېپىسكوپ ساراي ئايىغىدىكى بوش قالغان قۇجۇ مەسچىتى ئىمامىنىڭ ئورنىغا قارىشىپ ئۆكسۈلى ئۆچتى.

خېلى ھازادا قۇجۇ بېگى تېۋىنۇر، سۇ بېشى تۆمۈر بۇقا، راھىب-

---

① سۇنگۇ — نەيزە.
② قاراغۇ— قاراۋۇل
③ مۇژاك — مانىي دىنىنىڭ باش راھىبى.
④ قۇجۇ ئاقچى — خەزىنىچى.
⑤ بېتىكچى — پۈتۈكچى.

كالان ئوردا قورۇسىدىكى مەخپىي كېڭەشخانىدىن چىقىشىپ خان سارىيىغا كىرىپ كېلىشتى. ئەھيانلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى، ئۇلار ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ سالامنى ئىلىك ئالغاچ ئۆز ئورۇنلىرىغا — قوجۇ بېگى خان سۇپىسىنىڭ ئايىغىغا، سۇ بېشى ئۇنىڭ يېنىغا، راھىبكالان ئۇنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈشتى. سۇ بېشى خان سۇپىسىغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. خان سۇپىسىنىڭ بوش تۇرغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقانىدى. ئىدىقۇت[1] بىلەن ۋەزىرلەر ئەل - يۇرتنى تاشلاپ يىراقتا — سېرىق تۆپىلىكلەردە، تىبەت ئېلىدە چىڭگىز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

— ئەيىبلىك بىز، جانابىڭىزلارنى ساقلىتىپ قويدۇق.

قوجۇ بېگى ئىزىن بېرىپ قولىنى يايدى. ئەھيانلار كىمخاب كۆرپىلەر ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

— ئەل ھەم دىنىمىزنىڭ بېشىغا قارا كۈنلەر چۈشكەن ئوخشايدۇ، جانابلار، بايىلا يىغا ھەققىدە ئۈچۈر ئالدۇق. ئارىمىزدىكى ئەھدىلەر بۇزۇلۇپ ياۋلار يەنە غازاتقا ئاتلانغۇدەك. خىزىر خوجا[2] بىلەن مەۋلانە[3] قوجۇدا دارىلئىسلام ئاچماقچىمىش. ئەھۋال ھەممىڭىزلارغا ئايان بولسۇن ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىلتەبىر راھىبكالاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئىشىتەيلى.

راھىبكالان بىركەز دېمىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— خاتىرەڭلاردىن ئۆچمىگەنمىكىن، ئازغىنە كەم 60 يىل بۇرۇن ئىبادەتخانىمىزدا يېتىپ - قوپىدىغان غوزال ئاتلىق كۈسەنلىك يىگىت بولىدىغان. پۈتۈكلىرى سۈلكەتلىك بولغاچ نوم - سوترالارنى كۆچۈرىدىغان ساۋابلىق ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇت سەيرلىرىدە

---

① 1278-يىلى قايدۇنىڭ قوشۇنى قومۇلنى ئېلىپ قوچقار تېگىننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئوغلى نئۇرىن تېگىن بىر قىسىم خەلق ۋە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كەنسۇغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىدىقۇتلار قوجۇغا قايتىپ كېلەلمىدى.

② خىزىر خوجا — شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى.

③ مەۋلانە — مەۋلانە ئەرشىدىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەيخۇلئىسلامى.

ھاپىزلىقمۇ قىلاتتى. ۋەقتانىكى شول يىگىت بىردىن سائادەتلىك يولنى تەرك ئېتىپ جانابىي بېك قۇجۇ[1] پەدەرىنىڭ ئىلكىدىكى بىر دېدەك بىلەن ئىز - دېرەكسىز غايىب بوپتۇ. ئايغاقچىلار بىر يىلدىن ئوشۇقراق جىسەگدەپ ئاخىر ئۇلارنى بېشبالىقتىن[2] تۇتۇپ كېلىشتى. يىگىت قۇجۇدا قەتلى قىلىندى. دېدەك ئېغىر ئاياغ بولغاچ قىسىغقە[3] ئېلىندى. جاساقا[4] كۆرە بالا دۇنياغا كۆز ئېچىشى ھامان ئانا قۇجۇ مەيدانىدا چالما - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەكچىدى. ۋەھالەنكى، يىگىت قەتلى قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى قورۇقچىلار سېپىل ئاستىدىن دېدەكنىڭ جەسىتىنى تېپىپتۇ. ئول كۈنى سەھەردە ھەم راھىبلار ئىبادەتخانا بوسۇغىسىدىن بۆز يۆگەككە يۆگەلگەن ئوغۇل بوۋاقنى بايقاپتۇ.

بۇددىھا مۇقامىغا يەتمىش مەرھۇم ھەقزات راھىبكالانىمىزدىن سوراپ ئېلىپ، ئۇشبۇ ئوغۇل بوۋاقنى مەن ئاسرىۋالغانىدىم. ئەسلا، ئىبادەتخانا بوسۇغىسىغا قويۇلغىنى بىر يېتىم بوۋاق ئەمەس، ساخاۋەت-لىك تەڭرىلەرنىڭ قۇجۇغا ئاتا قىلغان نۇرانە قۇت — سائادىتىنىڭ تىمسالى ئىكەن. بالىنىڭ تىلى چىققاندىن تارتىپ ئىلمى بۇرىھاندىن تەلىم ئالدى. بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئىختىراس بىلەن تەھسىل قىلدى. 13 يېشىدا «ئۈچ تەلىم[5]» نوم - سوترالىرىنى تاماملىدى. ماھايانا[6] ئىرپان بۇلىغى — «ماھاپىراجىنا پارامىتا» سوترىغا مۇپەسسەل تەپ-سىر ئېيتىپ قۇجۇغا تونۇلدى. 16 يېشىدا ئەنەتكەك[7]، ئەرەب - ئەجەم تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىدى. گاھ خۇپىيانە، گاھ ئاشكارا مانىي، ئىسلام، نىستورىئان دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئۆگەندى. رەسساملىقتا ھەم كامالەت تاپتى. ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ- سالاپەتتە

---

① بېك قۇجۇ — قۇجۇ بېگى.
② بېشبالىق — ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى، ئورنى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە.
③ قىسىغ — زىندان، سولاق.
④ جاساق — قانۇن.
⑤ ئۈچ تەلىم — «ئوتتۇرا تەلىم»، «ئون ئىككى تەلىم»، «يۈز تەلىم».
⑥ ماھايانا — بۇددا مەزھىپى.
⑦ ئەنەتكەك — ھىندىستان.

تەققاسەن، 16 ياشلىق راھىب ئەمەسكى، سانسارادا[1]تۆرەلمىش بۇددا ئىدى.

بۇت يۇيۇش مەرىمىدىكى بەس - مۇنازىرىدە ئۇنىڭ بۇخارادىن كەلگەن پىر - ئۆلىمالارنى ئۇتۇپ چىققىنى ئوردا تارىخىغا پۈتۈلگەن. مەرھۇم بېك قۇجۇ ئاپىرىن ئېيتىپ بوينىغا بەدەقشان ياقۇتىدىن ئىشلەنگەن تەسۋى ئاسقان، ئۇچىسىغا زەر كاسايا ياپقان ئىدى. قۇجۇ تەۋەسىدىكى ئىبادەتخانا - ساڭرامىلارنىڭ تام - تورۇسلىرىغا، تەڭرىلەر گۇناھ پۈتمىگەيكى، چېركاۋ، مانىستانلارغا سىزغان رەسىملىرى ھە- لىھەم جۇلاسىنى يوقاتقىنى يوق. جانابىي مۇژاك ئاشۇ 16 ياشلىق بالىنى ئەسلىيەلىگەندۇر - ھە؟

راھىبكالان چەپ يېنىدا ئويغا پېتىپ ئولتۇرغان جۇغ - بەستى ۋىجىك، ئاپئاق چاچلىق بوۋايغا — مانىينىڭ[2]قۇجۇدىكى ئەڭ ئاخىر- قى مەنىۋى ماكانىنىڭ قورۇقچىسىغا مۇراجەت قىلدى.

مۇژاك سەلدىن كېيىن راھىبكالانىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشى- نى لىڭشىتتى.

— دەر ھەقىقەت، جانابىڭىز ئېيتقاندەك مۆجىزاتتەك بالا ئىدى. ئەنە تامدىكى ئاۋۇ ئىككى پارچە رەسىم ئۇنىڭ ئىستىداتىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئوردا ئەھيانلىرى خان سۇپىسىنىڭ ئارتىدىكى مېھراب تامغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتى.

ئۆكتۆنىدە قولىنى مەشئەل قىلىپ يېقىپ قاراڭغۇ جىلغىدا ئې- زىققان سودىگەرلەرگە يول ئىزدەۋاتقان خانىنىڭ رەسىمى، چەپ يېنىدا خەير - ساخاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سېخىي شاھزادىنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى.

— قىسمەت - پۈتمىشلىرىگە ئىمتىھان بولسۇن دېدىمۇ بالا ئىد-

① سانسارا — قايتا يارىلىش.

② مانىي — مىلادىيە Ⅲ ئەسىردە پىرىبىسىيىدە پەيدا بولغان دىن.

مى ھېكمەتتە نىلۇپەر[1] سىياق پورەكلەپ، كامال تاپقىلىۋاتقاندا تەڭرىلەر ئۇنىڭ دىلىغا بىر دەردىسە - سەۋدانى سالدى. ھەپتە - ئون كۈنلەپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتەتتى. بارار - تۇرارىنى ئىنس - جىن بىلمەيتتى. ناۋان - ناۋاندا ئىستىقامەتچىلەر ئۇنى تۈيۈقنىڭ سوۋۇقلىرىدا[2]، بېزەكلىكنىڭ ئېھرام - بىھارلىرىدا ئۇچرىتىپ قالىدىكەنمىش. بۇ ھالەت ئاقىۋەت ئۇ ماغدۇرى قۇرۇپ يىقىلىپ قالغانغا قەدەر داۋام ئەتتى. راھىبلار زەمبىلدە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تېرە - ئۇستىخانغا ئايلانغان نىمجان تېنىنى ماڭا تاپشۇرۇشتى. ئۇنى قىزىلتاغدىكى[3] خارابە تاشكېمىرلارنىڭ بىرىدىن بايقىشىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئېيتتىكى:

— ئۇستازىم، پات ئارىدا — قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ پاتسىخ تامان سەپەر قىلماقچىمەن.

ئەۋۋىلىدىن كۆڭلۈم شۇنى تۇيۇپ تۇراتتى.

— مەن سېنىڭ روھ ۋە تېنىڭنىڭ چەكسىز ئازاب دېڭىزىدا ئىزتىراپ چېكىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئازاب دېمەكلىك بىقارارلىقتۇر. ئۇ سېنىڭ ھېس - تۇيغۇڭدىكى پانىي ئالەمگە خاس چۇشەكى، ساختا نەرسە، خالاس. بۇ ئالامەتلەر ساڭا ئىزگۈلۈكتىن بېشارەتتۇر. ئۇشبۇدەم، بۇددىھالىق مۇقامىغا يېتىپ، پانىي دۇنيا ئازارلىرىدىن خالاس بولۇپ، ئازابسىز خىلۋەت نىرۋاناغا يەتمەكنىڭ بوسۇغىسىدىسەن. ئول مۇقەددەس بوسۇغىدىن ئاتلىماقچۇن خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەتتە بولۇشۇڭ، روھ ۋە تېنىڭ ئالەمچە ئازابقا يولۇققاندىمۇ دىلىڭ ئاغماي، رەڭگىڭ سارغايماي تاقەت قىلمىقىڭ كېرەك.

— ئۇستازىم. بۇددىھالىق يولى — ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۆزگىنىمۇ جاھاندىكى جىمى جانلىقلارنى پانىي ئالەمنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇز-

---

① نىلۇپەر — بۇددا تىمسالى.
② سوۋۇق — ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان سۇنئىي غار.
③ قىزىلتاغ — ھازىرقى يالقۇنتاغ.

ماقلىق، خىلۋەتتە ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش — ئۆزلۈكتۇر. ئۆزلۈكنى ئىستەپ بۇددىھالىق مۇقامىغا يەتكىلى بولماس. تاقەت قىلماقلىق — ئازاب چەككۈچىلەرنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئوت دېڭىزى، تىغ زەھەرىگە يولۇقسىمۇ ئارتىغا يانماسلىق دېگەنلىكتۇر. نادان شاگىرتلىرى ئەرزىمەس روھ ۋە تېنىنى مۇشۇ يولغا ئاتاپ قويىدى.

— سېنىڭ ئىدراك - ئىختىيارىڭ دېۋەڭ ئارزۇ - ھەۋەسىڭنى ئارغامچىسى بىلەن مەھكەم چىرمىلىپتۇ. روھىڭدىكى راھىبلارغا خاس تەمكىنلىك، تاقەت تۈگەپتۇ. ھەر ئىش ئۆز ۋاقتى - سائىتى بىلەن ھەقدادىغا يېتىدۇ. شۇ كەم ئالەمدە تەسكىن - ئەمىنلىك تۈگەپ چىڭگىز ئورۇقلىرى مۇقەددەس① جاساقنى ئۇنتۇپ، دىنىي غالجىرلىق، ۋەھشانىيەت ۋابا كەبى جاھانغا يامراپ كەتتى. 100 يىلدىن بېرى سەن باسماقچى بولغان ھەربىر يول، ئۆتەڭ قۇجۇلۇق راھىبلارنىڭ قەبرىگاھىغا ئايلاندى. قۇجۇنىڭ ھالى باياۋاننىڭ زۇلمەت تۈنىدە ھەممىلا ياقتىن يىرتقۇچلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ئۆچۈپ قالاي دېگەن گۈلخان ئالدىدىكى تەنها كىشىگە ئوخشىشىپ قالدى. ساڭا ئايانكى، ئوغلۇم، سەپىرىڭ ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

— سەپەر قىلماسلىقىمۇ ھەم ماڭا ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ. تەنىنىڭ ھالاكىتى ئەلمىساقتىن ھۆكمى پۈتۈلمىشتۇر. روھىنىڭ ھالاكىتى — ھالاكەتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. بۇرھانىمىز ساكيامۇنى، مانىي②، ئەيسا ھەم مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ سەپەر قىلغان. سەپەر ئۇلارغىمۇ ھەم ھالاكەتتىن دېرەك بېرەتتى. ۋەھالەنكى، ئاڭا نىجات تاپتى. سەپەر ھېكمەتنىڭ — يولىدۇر.

شۇ كەز ھىجران ئازابىدىن قورقۇپ گۇناھقا پېتىۋاتقىنىم، ئەقىدەمگە، تەڭرى يولىغا ئاسىيلىق قىلىۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

— دىنلارنىڭ بارچىسىدا مەنبەسى ئوخشاش بىر ھەقىقەتنىڭ

---

① مۇقەددەس جاساق — دىنلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دەخلىسىزلىكى ھەققىدىكى چىڭگىزخان تۈزگەن قانۇن، ئەسلىي ئىدىقۇت قانۇنىدىن ئۆرنەك ئالغان.

② مانىي — مانىي دىنىنىڭ ئىجادچىسى.

نۇرى چاقناپ تۇرىدىكەن. تەڭرىلەرنىڭ بوي ـ سىياقى، ئاڭا تائەت۔
تېۋىنىشى ئوخشىمىسىمۇ، ئاداققى مەنزىلى — ئىزگۈلۈك ئىكەن.
ئەينى ئىنسان تېنىدىكى يۇزلىگەن تومۇرلاردىكى قان ئۆز يولى بىلەن
ئېقىپ، ئاخىر يۇرەككە قۇيۇلغاندەك.

ۋەھالەنكى، كۆللى ئالەمنىڭ ھەق ئىگىدارى زادى قايسى؟

قۇياشقا دۇمبىسىنى ئۇرۇۋالغان كىشى ئۆزىنىڭ سايىسىنىلا كۆ۔
رەلەيدۇ. ئۆزگىگە كۆز يۇمماقلىق — پەنجىرىسى يوق قاراڭغۇ ئۆي۔
دۇر. قاراڭغۇلۇقتا ئەقىل ـ ئىدراك بولمايدۇ. مەن تەڭرىلەر پانىيدا
تاللىغان مۇقەددەس ماكانلارنى — ئەنەتكەك، ئىران، ئېرۇسالېم،
ئەرەب قۇملۇقلىرىنى كېزىمەن. شول جايلاردىن ھەقنى سۆزلىگۈچى،
بىلگۈچى باخشى① — ئەللامىلارنى ئىزدەيمەن. راۋىلارنىڭ ئاغزىدىن
يارالمىشنىڭ ئەسلىيەتلىرىنى تەپكۈرلەيمەن.② دىلىمدىكى تۈگۈنچ يې۔
شىلمىگۈچە، ھەق يولنى تاپمىغۇچە سەپىرىمدىن يانمايمەن.

راھىبكالان ئۇزاق جىمىپ كەتتى. گوياكى ئاداققى ماغدۇرى
قۇرۇغان ئاچ ـ زېرىن يولۇچى ئۇشتۇمتۇتلا تەگسىز يار گىردابىغا
كېلىپ ئىزىدا قېتىپ تۇرۇپ قالغاندەك ئۇزاق جىمىپ كەتتى.

— ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك قۇتلۇق بىر كۈندە سەپەر قىلدى.
ئىدىقۇتتىن قايسى چاغدا، قايسى كارۋانغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتكىنىد۔
نى ھېچكىم بىلمىدى. شۇنىڭدىن سوڭرە نەق 40 يىل ئۆتكەندە ئۇ
ئۆزىنىڭ سەپىرىنى تاماملاپ ئىدىقۇتقا قايتىپ كەلدى. سەپىرىنىڭ
ئايىغىدا بىتاب بولۇپ بېشبالىقتا ئەملىنىپتۇ. شۇ ئارىدا خىزىر خو۔
جىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىكىنى ئۆتىگە۔
نىكەن. بابا بېك قۇجۇ ھەرقايسىڭلارغا ئېيتقان يىغا ھەققىدىكى خە۔
ۋەرنى شۇ ماڭا يەتكۈزدى.

ئوردا ئەھيانلىرى بىر ھازا سۈكۈناتقا چۆمدى. ئېپىسكوپ ئېغىر
تىنىپ ئۇھسىندى. مۇژاك ئىستىھزا بىلەن بېشىنى چايقىدى.

---

① باخشى — ئۇستاز.
② تەپكۈرلەش — تەتقىق قىلىش.

— ھەق تەڭرى ئىنسانلارغا قىلىچ بىلەن ئەمەس، مېھرىبان ئانا
يەڭلىغ سەۋنچ بىلەن ئايان بولىدۇ. 40 يىل جاھان كېزىپ ناھايەت،
ھەق يولنى ئابا - ئەجدادلىرىدىن تارتىپ لەكمىڭ قۇجۇلۇقىنىڭ قان-
جېنىغا زامىن — خىزىر خوجىدىن تاپقان بولسا گەر، قۇت - سائادەت-
نىڭ تىمسالى بولمىش ئول بۇدۇڭگە بارىكاللا.

راھىبكالان ئۇندىمىدى. ئاڭغۇچە، قۇجۇ بېگى تېۋىنۇر:

— دەرھەقىقەت، بۇدۇن ئۆزى ئىزدىگەن ھەق يولنى تېپىپتۇ.
قىياس قىلغىنىڭلاردەك ئۇشبۇ ھەق يول ھەرگىزمۇ خىزىر خوجا
ئەمەس. شۇ بولسا كىم، بىتاب كىشى جېنىنى تاغدەك خەتەرگە
ئۇرۇپ، دەشت - باياۋانلارنى پىيادە بېسىپ تۇمشۇق تىرەپ قۇجۇغا
كەلمەس ئىدى. بۇدۇنىنىڭ ھەق يولى راھىبكالانغىلا ئايان. ۋەھالەن-
كى، ھازىر ئۇنى ئاشكارىلاپ بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان
چاغ ئەمەس. تەڭرىلەر قوللاپ بېشىمىزغا كەلگۈسى بالايىئاپەتنى ياغ-
دۇرۇپ ئاسايىش زامانغا ئۇلاشساق، تەڭرىلەر شەھىرى ئاتالمىش
قۇجۇدا بۇ ھەقتە قانچە زاكونلاشساق ئۇلگۇرىمىز. شەھەردە غۇلغۇلا
كۆتۈرۈلمىسۇن ئۈچۈن بۇدۇڭگە چېتىش ھەرقانداق گەپ - سۆزلەرنى
سىر تۇتقايسىلەر.

بۇدۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، خىزىر خوجىنىڭ غازاتچىلىرى بىزدىن
ئۈچ باراۋەر كۆپ ھەم ياراغلىرى خىل ئىمىش. قۇجۇدا دارىلئىسلام
قۇرۇپ يات دىندىكىلەرنىڭ ئىز - ئۇرۇقىنى تۈگەل قۇرۇتمىغۇچە
دۇمبىسىنى قۇجۇغا ئۆرۈمەسلىككە، سولھى تۈزمەسلىككە ئەھدى ئى-
چىپتۇ. كۇسەندىكى مەۋلانە ئەرشىدىن[1] غازاتچىلارغا پەتىۋا بېرىپ،
شۇنداق ئىغۋالارنى تارقاتقۇدەككى، قۇجۇ خانلىق ئىبادەتخانىدا ساپ
ئالتۇندىن قۇيۇلغان بەستى - ۋەزنى ئادەم بويى كەلگۇدەك بىر ئالتۇن
بۇت بارمىش. بۇددىستلارنىڭ جېنى شۇنىڭدىمىش. كىمەرسىكى،

---

[1] مەۋلانە ئەرشىدىن — شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دىنىي داھىيسى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن كۇسەندە بۇتخانىلارنى چېقىپ، بۇددىستلارنى يوقىتىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغان.

شۇنى يوقاتسا يەر يۈزىدىكى بۇددىستلارنىڭ ھەممىسى يوقىلارمىش. ئىمرام ـ بىھارىلارنىڭ، مانىستان تاملىرىنىڭ قېتىغا، چېركاۋدىكى ھەيكەللەرنىڭ ئىچىگە ئالتۇن يوشۇرۇنغانمىش.

سىلەرگە ئايانكى، بىزنىڭ نە جەڭگاھقا باشلىغۇدەك ئىدىقۇتىمىز نە ياۋنى ياندۇرغۇدەك كۈچ ـ قۇدرىتىمىز يوق. لېكىن، ئەل ـ يۇرتقا جېنىمىزنى پىدا ئەيلەيدىغان ئەھدۇ پەيمانىمىز بار. جىسمىمىزدىكى تەگرىلەر ئاتا قىلغان ھەممە ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇدرەت تۈگىگىچە، قولىدا يا ئوق تۇتالىغۇدەك ئەڭ ئاخىرقى قوجۇلۇق قالغۇچە ياۋ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز، ئالىپ ئىدىقۇتىمىز، قوچقار تېگىنىنىڭ[①] روھىناتى بىزلەرگە مەدەتكار بولغاي!

قوجۇ بېگى تېۋىنىۇر سۆزىدىن توختاپ بىركەز تۇرۇپ قالدى. قوجۇ ئويغارىنىڭ[②] تۈۋرۈكلىرى بولمىش كۇمۇش چاچلىق بوۋايلارغا — راھىبكالانغا، مۇژاكقا، ئېپىسكوپقا جۇدالىق نەزىرىدە ئۇزاق سەپسالدى. ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى:

— ھەق زات ئۇستازلار، بىز خېلى بۇرۇنلا خىزىر خوجا بىلەن ئەرشىدىنىنىڭ نىيىتىنى پەملىگەچ، جانابىڭلار ھەققىدە چارە ـ تەدبىرلەرنى ئويلاپ قويغان ئىدۇق. ئۇرۇش — ۋەھشانىيەت روھانىيلارنىڭ ئىشى ئەمەس. قوجۇ ئىرپان خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. سىلەرگىمۇ ئايانكى، ياۋنىڭ نىيىتى ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز 1000 يىللاردىن بېرى جۇغلىغان ئۇشبۇ ئالەمشۇمۇل بىباھا مىراسلىرىمىزنى يەر يۈزىدىن يەكسان قىلماقتۇر. شۇل سەۋەب بىز ئۇزاق سەپەرنىڭ ھەممە راسگەرلىكىنى — ئات ـ ئۇلاغ، يولچى ـ قورۇقچىلارنى خۇپپىيانە پۈتكۈزۈپ قويغان. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ۋەسىيىتى، قوجۇدىكى ئەل ـ ئاۋام، بەگ ـ بۇدۇنلەرنىڭ ئۆتۈنچى شۇلكى، مىراسلىرىمىزدىن ئەڭ بىباھالىرىنى يۈكلەپ ھايالشماي يولغا چىققايسى-

---

① قوچقار تېگىن — ئىدىقۇت خانى (1266 — 1277- يىللار)، 1275- يىلى چاغاتايىنىڭ نەۋرىسى دوۋا بىلەن سەركەردە قايدۇ باشچىلىقىدىكى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىدىقۇتتىن چېكىندۈرگەن. 1277- يىلى قايدۇ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

② ئويغار — مەدەنىيەت.

لەر. خىزىر خوجىنىڭ قولى مەملىكەتلەرگە — قوبلايخاننىڭ زېمىن-
غا ياكى تىبەت، ئەنەتكەككە ئۆتۈپ پاناھلىنىپ تۇرۇڭلار. تەڭرىلەر
قوجونىڭ تەقدىرىگە غالىبلىقنى پۈتكەن بولسا، مەيلى ئالەمنىڭ ئۇ
چېتىدە بولۇڭلار، سىلەرنى قوجوغا ئامان - ئېسەن ياندۇرۇپ كېلد-
ىمىز.

ئوردا كېڭەشىنىڭ ئەتىسى قوجوغا يىغا ھەققىدە تارتىخ[1] جاكار-
لاندى. تۇيۇق، سىڭگىم، مۇرتۇق قاتارلىق جايلارغا چاپارمەنلەر ماڭ-
دۇرۇلدى. قوجودىن بېشبالىققا تۇتىشىدىغان قەدىمىي خانلىق يولنىڭ
120 يول نېرىسىدىكى چوقۇ تامغىچە ئۇچقۇر ئاتلىق سىرتىغچىلار[2]
تۇرغۇزۇلدى. قوجو بېگى ئەپۇ ئومۇمىي يارلىق چۈشۈرۈپ قىسىغدى-
كى گۇناھكارلارنى ئازاد قىلدى.

تارتىخ جاكارلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە يەتتە قوۋۇقتىن[3] ئادەم ئايىغى
ئۈزۈلمىدى. تۇغسۇغدىكى[4] يىراق مەملىكەتلەردىن ئىلىم ئىزدەپ
كەلگەن تالىپ - سەيياھلار، ھەر قىسما ئەن سىياقتا كىيىنىشكەن
سودىگەرلەر، مۇسۇلمان مۇرىتلىرى ئۆز توپلىرى بىلەن قوۋۇقلاردىن
چىقىشىپ ئەرۋاھلاردەك بىر ئاخشامدىلا شەھەردىن غايىب بولدى.
ئاندىن قېرىلار، ئاياللار، باللار زۆرزۆر مەتقولاتلارنى ئېگىز ھارۋ-
لارغا بېسىشىپ يىغا - زار كۆتۈرگەنچە ئوغلان - ئەرەنلىرى بىلەن
ۋىدالىشىپ قوجونىڭ ئەپچۆرىلىرىدىكى يېزىلارغا تاراپ كەتتى. شۇن-
دىن سوڭ قوۋۇقلار مەھكەم ئېتىلدى.

قوجو بېگى بەگ - سىپاھلارنى ئەۋەتىپمۇ، ئۆزى بېرىپمۇ ئۈچ
ئىبادەتخانىدىكىلەرنى قوجودىن كېتىشكە كۆندۈرەلمىدى. ئات-ئۇلاغ،
يولچى - قورۇقچىلار ئىبادەتخانىلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇدا ئۈچ
كېچە - كۈندۈز ساقلىدى.

---

① تارتىخ — ئاۋامغا چاقىرىق.
② سىرتىغچىلار — خەۋەرچىلەر.
③ يەتتە قوۋۇق — ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ يەتتە قوۋۇقى بولغان.
④ تۇغسۇغ — شەرق.

بۇسى يىغا ئەمەسكى، دىنىي مۇجادىلە[1]. ئەل - بۇدۇن ئۇل ئېتىقاتچۇن جېنىنى پىدا ئەيلەۋاتقاندا، ئۇشبۇ دىنلارنىڭ بۇزرۇكى بولمىش بىزلەر ئەل - يۇرت، ئىبادەتگاھىمىزنى تاشلاپ جېنىمىزنى ياقىغا ئالساق، تەڭرىلىرىمىزمۇ، ئاتا - تۇغمىشلىرىمىزمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. كۆچكۈن ياۋ [2] ئالدىدا قۇجۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى غۇلايدۇ. كۆللى ئالەمنىڭ لەنەت - قارغىشىغا قالىمىز. قۇجۇنىڭ قىسمىتى ھەم بىزلەرنىڭ قىسمىتىمىز. بېشىمىزغا قانچىكى قاباھەت چۈشسۇن، قۇجۇدىن ئايرىلمايمىز. ئىبادەتخانىلىرىمىزدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ ئۆز تەڭرىلىرىمىزدىن ئۇتۇقىمىزغا مەدەت تىلەيمىز.

راھىبكالان، مۇژاك، ئېپىسكوپ — ئۇلارمۇ ھەم خېلى ئىلگىرىلا خىزىر خوجا بىلەن ئەرشىدىنىنىڭ نىيىتىنى پەملىگەچ ئوردا كېڭىشىدىن ئاۋۋاللا خۇپىيانە باش قوشۇپ شۇ قارارغا كېلىشۋالغان ئىدى.

خىزىر خوجىنىڭ غازاتچى قوشۇنى شۇندىن تۆت كۈن ئۆتكەندە قۇجۇغا يېتىپ كەلدى. شەھەرنى ئۈچ قات مۇھاسىرىگە ئالدى. يېنىك جابدۇنغان تات - مىڭلاق[3]غازاتلىرىدا باتۇرلۇقى بىلەن داڭق قازانغان پىيادە «تۇمەن» مۇھاسىرىنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئاندىن قورۇقچى كامانىدازلار، پالاخمانچىلار[4] ئەڭ ئاخىرىدا تۇياغ[5]— ياراغلىرى، ئاتلىرىنىڭ خىل - رەڭگى بويىچە «تۇمەنا» لەرگە بۆلۈنگەن ئاتلىقلار ئورۇنلاشتى. قۇمتاقتا تۇتىشىدىغان ئىككى قوۋۇقنىڭ مۇھاسىرىسىنى ئەتەي بوش قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تۆپىلىكلەرنىڭ ئارتىغا بۆكتۈرمە قويۇلدى.

قۇجۇ قورشاۋغا ئېلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ھۇجۇمنىڭ شەپىسىمۇ بولمىدى. خىزىر خوجا قۇجۇلۇقلارنى ئەل بولۇشقا ۋەياكى جەڭگە

---

① دىنىي مۇجادىلە — دىنىي ئۇرۇش.
② كۆچكۈن ياۋ — كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.
③ تات - مىڭلاق — مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار.
④ پالاخمان — سېپىل بۇزار.
⑤ تۇياغ — ساۋۇت.

ئۈندەپ يالۋاچمۇ① ئەۋەتمىدى. غازاتچىلار يىراقتىن ئۈن - تىۋىشسىز
بارگاھ - چېدىرلىرىنى قۇرۇپ، داشقازانلىرىنى قايىنىتىپ خىرامان
يۈرۈۋەردى. قۇجۇلۇقلارمۇ ئۆكەك②— قوۋۇقلار ئۈستىگە تاشلارنى
دۆۋىلەپ، ياغ ۋە سۇ تولدۇرۇلغان مىس داڭقانلارنى قايىنىتىپ،
ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ تۇردى. 3- كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە سىڭ-
گىم تەرەپتىن سوغۇق شامال بىلەن بىللە گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئىشتىل-
دى. غازاتچىلار سەپ بويىچە بىر يول ئارتىغا چېكىندى. ئۇزاق
ئۆتمەيلا لاي - لاتقىلىق سەل سېغىز توپىدىن سوقۇلغان شەھەر سېپى-
لىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. خىزىر خوجا سىڭگىم ئېغىزىدىكى مۇر-
تۇق سۈيىنى قۇجۇغا ئېچىۋەتكەنىدى. شەھەر ئىچىنى ۋەھىمە قاپلى-
دى. قۇجۇلۇقلارنىڭ بەخت - تەلىيىگە سەل تۈن تەڭ بىلەن پەسلەپ،
ھايالشىماي توختاپ قالدى. شۇكەملەردە قۇجۇ تەۋەسىدە ئۇدا نەچچە
يىل يامغۇر ياغمىغاچ، مۇرتۇق سۈيى كەملەپ كەتكەنىدى. سەل سۈيى
سېپىل ئۇلىنى يېرىم غۇلاچچە يالاپ كەتكەن بولسىمۇ، خەندەكتىن
يامراپ يېرىم يولچە سېپىل ئۆپچۆرىسىنى ئوشۇقچە پاتقاقلىققا ئايلان-
دۇرۇۋەتتى. غازاتچى قوشۇن پاتقاقلىقنىڭ قۇرۇشىنى ساقلاپ بىر
ھەپتە چامىسىدا تۇرۇپ قالدى. غازاتچى قوشۇننىڭ شەيخۇلئىسلامى
— مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ كىچىك ئوغلى ئەبۇ نەسىر بىر بۆلەك ئاتلىق
قوشۇننى باشلاپ تۇيۇق، بېزەكلىك ھەم سىڭگىمدىكى تاۋاپگاھ -
ئىبادەتخانىلارنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىھرام - بىھارىلاردا
تەقدىرىنى تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرغان راھىب - مانىستانلارغا،
ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن پۇقرالارغا قەتلىئام يۈرگۈزدى.

خىزىر خوجا سۈبھى سۈزۈلۈشكە باشلىغان مەھەلدە ھۇجۇمنى
باشلىدى. غازاتچىلارنىڭ دېڭىز گۈركىرىگەندەك «ئاللاھۇئەكبەر»
دەپ تەكبىر توۋلاشلىرى قۇجۇ ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. قو-
رۇقچى كاماندازلار ئوق يېتىم يەرگىچە سېپىلنى بەخۇدۇك ئوراپ

① يالۋاچ — ئەلچى.
② ئۆكەك — سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانا، كۆزەتخانا.

ئېلىپ، قېلىن قۇياغ - قالقانلارنىمۇ تېشىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن دەستىلىك ئوقلارنى سېپىل كۇنگۇرىسىدىن ياغدۇرۇپ، خېلى هازاغىچە قۇجۇلۇقلارنى بېشىنى چىقىرىشقىمۇ ئىمكان بەرمەي قويدى. ئوڭ بىلىكىگە شېھىتلىك نىشانى بولمىش ئاق باغلىغان پىيادە «تۇمەن» سېپىلغا ئۇزۇن شوتىلارنى قويۇپ، ئارغامچىلارنى تاشلاپ چەبدەسلىك بىلەن يامىشىشقا باشلىدى. دوۋا بىلەن قايدۇدىن كېيىن مۇنداق زور كۆلەملىك يىغىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن قۇجۇلۇقلار شۇ مەھەل مەڭدەپ قالدى. هايت - هۇيت دېگۈچە غازاتچىلار ئەگرى قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ سېپىل كۇنگۇرىسىدە پەيدا بولدى. بىر قىسمى سېپىل ئۈستىگە چىقىپمۇ ئالدى. شۇندىلا قۇجۇلۇقلار ئەس - هوشىنى تېپىپ جان - جەھلى بىلەن ياۋغا تاشلاندى. سېپىل ئۈستىدىكىلەرنى سۇنگۇلەرگە① ئېلىپ خەندەككە تۇشمۇتۇشتىن ئۇلاقتۇردى. يوغان، قىرلىق تاشلارنى ئىرغىتىپ شوتىلارنى قاراسلىتىپ سۇندۇرغانچە غازاتچىلار بىلەن قوشۇپ تۆۋەنگە غۇلاتتى. بېشى ئېغىر قويۇلغان ساداق ئوقلىرى هاۋادا ۋىلىلداپ كاماندازلارنىڭ ئۈستىدىن ئەجەل ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

قوۋۇق - ئۆكەكلەردىكى② مىس داڭقانلاردا پورۇقلاپ قاينىغان سۇ ۋە داغلىغان ياغلارنى ئۇزۇن ساپلىق سوغىلاردا غازاتچىلارنىڭ ئۈستىدىن تۆكتى. ئارقىدىنلا كۆيۈۋاتقان يېرىندىلارنى تاشلاپ تۆۋەندە يانغىن پەيدا قىلدى.

سېپىل ئاستىدىن داد - پەريادلار كۆتۈرۈلدى. خەندەك غازاتچىلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولدى.

ۋەهالەنكى، ئۇلار بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى تولدۇرۇپ، مۇقەددەس ئايەتلەرنى توۋلاپ خۇداغا نالە - ئىلتىجا قىلغانچە بىر ئەسەبىي جان پىدالىق ئىستەك بىلەن سېپىلغا يامىشىۋەردى.

يىراقتىكى تۆپىلىكتە — ئاتلىق قوشۇننىڭ بېشىدا خىزىر خوجا

---

① سۇنگۇ -- نەيزە.
② ئۆكەك -- قاراۋۇلخانا.

ئىسلام ئېچىش يولىدا ئېلىپ بارغان غازاتلار ئېچىدىكى ئۇشبۇ ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇشنى كۆزىتىپ ئات ئۈستىدە قېتىپ تۇراتتى.

ھۇجۇم شۇ تەرىقىدە قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەنچە داۋام ئەتتى. غازاتچىلار قۇجۇ سېپىلىغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

خىزىر خوجىنىڭ تۆمۈردەك قاتقان، بۆرتۈپ چىققان مەڭزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئېغىرلاشقان قولىنى جانسىز شىلتىپ، يۈزىنى يانغا ئۆرۈۋالدى.

شۇ ھامان دۇمباق چېلىنىپ ھۇجۇم توختىتىلدى. خىزىر خوجا موڭغۇللارنىڭ ئادىتىچە چاقماق تېزلىكىدە بىر ھەملە بىلەنلا ئاجىز توپا سېپىلدىن بېسىپ ئۆتۈپ، مۇداپىئەنى بىتچىت قىلىشقا ئىمانى كامىل ئىدىكى، قۇجۇلۇقلارنىڭ مۇنداق ئەربۇزانە[1] تاقارىشىنى[2] ھېچ ئويلىمىغانىدى. تالاپەت ئېغىر بولدى. غازاتچى قوشۇنىنىڭ غالىپ، جەڭگىۋار قىسمى — پىيادە «تۇمەن»نىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىلا قايتىپ كېلەلىدى.

شۇ كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە قۇجۇلۇقلار ھەر - بىرىنى بەش - ئالتىدىن ئات - كالا سۆرىگەن يوغان، ئېغىر ھارۋىلارنىڭ سىڭاتاغ، تۇيۇق، سىڭگىم جىلغىسى تامان كېتىۋاتقىنىنى ئىلغا قىلدى. تاڭلا كۈنى خىزىر خوجا ئەبۇ نەسىر ۋە ئونچە تۇمەن بېشىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇجۇ سېپىلىنى چۆرىدەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. خىزىر خوجا گاھى كەڭ تۆشلۈك ئەرەب ئارغىمىقىنى قەھرى بىلەن قامچىلاپ ھەمراھلىرىدىن ئۆزاپ كېتەتتى. گاھى شەھەر سېپىلىغا قادىلىپ ئۇزاققىچە قېتىپ قالاتتى. بىر كەزدە ئەسىرى تۇتۇپ ئېتىنى چاپتۇرغانچە سېپىلغا ئوق يېتىم يەرگىچە يېقىنلاپ باردى. شۇ ھامان ساداق ئوقلىرى ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن مۆلدۈردەك ياغدى. بىر لەھزە بىخۇدلاشقان يۇرتۇغ[3]، تۇمەن بېشىلىرىنىڭ ئۆكسۈلى ئۆچتى. تۇشمۇتۇشتىن يو-

---

① ئەربۇزانە — جەسۇرانە، باتۇرلارچە.
② تاقارىشى — تىرىكىشىش.
③ يۇرتۇغ — خاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى.

پۈرۈلۈپ كېلىپ كەڭ قالقانلىرى بىلەن ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىۋالدى. ئاتنىڭ تىزگىنىدىن سۆرەپ، ئارقىدىن تۈرتۈپ ـ قامچىلاپ قىل ئۈستىدىكى خىزىر خوجىنى ئاماچتىن① ئاچىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتـمەي ئەرەب ئارغىمىقىنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ ئىزىدا چاپچىپ پىرقىـرىدى ـ دە، تۆگە چۆككەندەك گۈپپىدە تىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بېقىنىغا سانجىلغان ساداق ئوقى تۇۋىدىن سۇنۇپ ساڭگىلاپ قالغانـدى.

خىزىر خوجا يورتۇغلاردىن بىرىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ ئېتىغا مىنىۋالدى. قەھرى بىلەن ئاتنى قامچىلاپ تەلۋە ـ ساگرۇ كەبى سېپىلنى ئايلىنىپ چېپىشقا باشلىدى.

شۇ تەقلىتتە ئۇلار گۈگۈم چۈشكۈچە سېپىل ئەتراپىدا ئات چاپـتۇرۇپ يۈردى. غەزىپى تاشقان، ئەسەبىيلەشكەن خىزىر خوجىغا شەيخۇلئىسلام ئەبۇ نەسىرمۇ، تۇمەن بېشىلىرىمۇ ئۇن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خىزىر خوجا بارگاھقا قايتىپ ئۈچ كۈنگىچە چېدىرىدىن چىقمىدى.

سېپىل ئەتراپىـغـا مىڭلىغان گۈلخانلار يېقىلدى. غازاتچىلار قۇياغ — ساۋۇتلىرىنى يېشىپ تاشلىدى. ئاتلارنىڭ تۆشباغلىرى بوـشىتىلىپ يەمگە قويۇۋېتىلدى. قوشۇن بەئەينى سېپىلنى ئېتىدىن چىقارغاندەك خىرامان ھەم تىپتىنچ ئىدى. شۇ تۇرقى ئۇلار غازاتچىلار ئەمەس، غايەت زور ئۆتكۈنچى كارۋانغا ئوخشايتتى. پەقەتلا ئۇلارنىڭ سەھەر ـ ئاخشىمى نامازغا ئۇندەپ توۋلىغان ئەزان ئاۋازى، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىخلاسمەننىڭ بىرلا ۋاقىتتا ساماغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرـدىغان سالماق، گۈركىرەك زىكرى ـ دۇئاسى قۇجۇلۇقلارنىڭ ۋۇجۇـدىغا ۋەھىمە، قورقۇنچ سالاتتى.

4ـ كۈنى تۈن تەڭ بولغاندا گويا تاغ كۆچۈپ، يەر يېرىلغاندەك قۇجۇلۇقلار ھېچقاچان ئىشىتىپ باقمىغان غايەت زور سادادىن شەھەر

① ئاماچ — نىشان.

تىترەپ كەتتى. قوجۇلۇقلار ھەممىسى دىگۇدەك ئالمان - تالمان ياراغلىرىنى ئېلىپ سېپىلغا چىقىشتى. ئاي قاراڭغۇسىدا سېپىل سىرتىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. غازاتچىلار ياققان گۇلخانلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى. ھايال ئۆتمەيلا ھېلىقى ئاۋاز بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ تېخىمۇ سالماق بىلەن قولاققا بازغاندەك ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا توغسۇغدىكى ئوردا شەھىرى بىلەن پاتسىختىكى باش قوۋۇقتىن جاندىن ئۆتىدىغان نالە - پەرياد كۆتۈرۈلدى. ھايال ئۆتمەي سېپىل ئۈستىدە سانسىزلىغان مەشئەللەر يورۇپ كەتتى. شۇندىلا قوجۇلۇقلار يوغان، قىزغۇچ قورام تاشلارنىڭ باش قوۋۇق بىلەن ئوردا شەھىرىگە مۆلدۈردەك يېغىۋاتقىنىنى غۇۋا ئىلغا قىلدى. باش قوۋۇق بىلەن ئوردا شەھىرى قوجۇنىڭ يۈرىكى ھېسابلىناتتى. قوجۇنىڭ ئەڭ سەرخىل مىڭلىكلىرى زىچ مۇداپىئەگە قويۇلغانىدى. تاشلار كاماندازنىڭ ساداق ئوقىدەك دەل ۋە ئەجەللىك جايلارغا چۈشۈۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇداپىئەچىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي سېپىل ئۈستىدە نۇرغۇن جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ ئارتىغا چېكىندى.

قوجۇلۇقلار يىراقتا — پالاخمان[1] تېشى يەتمەس جايدا تاش زەربىدىن گۇمۇرۇلۇپ - ئۆۋۈلۈپ ئاستا - ئاستا پەسلەۋاتقان سېغىز توپىلىق سېپىل تېمىغا، قاراسلاپ سۇنغىلىۋاتقان قوۋۇق دەرۋازىسىغا قارىغىنىچە ئىلاجسىز ھالدا تاش بورانىنىڭ توختىشىنى كۈتتى.

تاشلار سۈبھى يورۇغانغا قەدەر بىرخىل سالماق بىلەن ئېتىلىپ تۇردى. باش قوۋۇق بىلەن ئوردا شەھىرىنى مۆلچەر قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان ئالتىدىن ئون ئىككى پالاخمان ئالدىدىكى تاغدەك دۆۋىلەنگەن قورام تاشلار تەلتۆكۈس ئېتىلىپ تۈگىدى. ئوردا شەھىرىنىڭ تاشقى سېپىلغا تۇتاشتۇرۇلۇپ سوقۇلغان سېپىلدىن 10 غۇلاچچە يوچۇق ئېچىلدى. باش قوۋۇقنىڭ تۆمۈر قاپلانغان مۇستەھكەم دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ قانىتى ئۇلگۇجىدىن ئاجرىلىپ ئۆرۈلدى. غازاتچىلارنىڭ ئاتلىق

---

① پالاخمان — شەھەرگە تاش - ئوت ئاتقۇچى قورال.

قوشۇنى، قالدۇق پىيادە «تۈمەن» ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر بۆلىكى قوۋۇق دەرۋازىسىدىن، بىر بۆلىكى سېپىل يوچۇقىدىن بوراندەك شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. قوجۇلۇقلارمۇ تامام كۈچىنى شۇ ئىككى جايغا يىغدى. باش قوۋۇق بىلەن سېپىل يوچۇقىدا يىگنە تاشلىسا يەرگە چۈشمىگۈدەك قىستاڭچىلىق ھاسىل بولدى. قەدىمگە تالىق جەڭلەر ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك قوچاقلاشما جەڭ باشلاندى. غازاتچىلارنىڭ تەكبىر توۋلاشلىرى، يارىلانغان، ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىۋاتقانلارنىڭ داد - پەريادلىرى، تىغلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان، گۈش ۋە سۆڭەككە سالماق چېپىلغان ساداسى جاھاننىڭ ئەجەل غوۋغالىرىغا ھاكىم بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىنقى سەپتىكىلىرى نەيزە - قىلىچ يەپ تۈگمەندىكى ئۈگۈتتەك سەپ - سەپ بويىچە يىقىلىشقا باشلىدى. يەر يۈزىگە جەسەتلەر تولۇپ پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك بوش يەر قالمىدى.

ئاش پىشمىغىچە ئىككى قوشۇن شۇ تەرىزدە تاقارىشتى. گاھ غازاتچىلار قوجۇلۇقلارنى سېپىل ئىچكىرىسىگە سۈرۈپ كىرەتتى، گاھ قوجۇلۇقلار غازاتچىلارنى سېپىل تاشقىرىسىغا چېكىندۇرەتتى.

ئاقىۋەت، غازاتچىلار سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. غازاتچىلار شەھەر كوچىلىرىغا قىيان سۈيىدەك يامراشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار قوجۇنىڭ ناتونۇش، تار كوچىلىرىدا سېپىل تۈۋىدىكىدىنمۇ بەكرەك تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۆگزە - لەمپىلەرگە، بۇددا مۇنارلىرى ۋە سوقما تاملارنىڭ ئارتىغا يوشۇرۇنغان كاماندازلار تۇشمۇتۇشتىن ئوق ياغدۇردى. ھەربىر قەدەم يولدا غازاتچىلارنىڭ ئونلىغان جەسەتلىرى قالدى.

ئۇرۇش تاشقى شەھەر بىلەن خانلىق بۇددا ئىبادەتخانىسى ئالدىدا ئەۋجىگە چىقتى. قوجو بېگى تېۋىنۇر تاشقى شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىگە ئۆتۈپ، سۇ بېشى تۆمۈر بۇقا يېتەكلىگەن كۆچكۈن قىسمىنى خانلىق بۇددا ئىبادەتخانىسىنى قوغداشقا قالدۇرغانىدى. غازاتچىلار بىرنەچچە مەرتە جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇتخانا قورۇ-

سىغا بۆسۇپ كىرەلمىدى. ساڭرام ئۆگزىسىدىن ۋە ئىبادەتخانىنىڭ
قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان پاكار تېمىنىڭ ئارتىدىن ئېتىلغان ساداق
ئوقلىرى ۋە قىسقا سۇنگۇلەردىن لەت يەپ چېكىندى. كۇنپېتىشقا
يېقىن تاشقى شەھەرنى ئىگىلىگەن بىر بۆلەك غازاتچىلار ياردەمگە
كەلدى. يامغۇردەك ياغدۇرۇلۇۋاتقان ئوققا قارىماستىن، تۆت تەرەپ-
تىن زىچ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىر بۆلىكى ساڭرام ئۆگزىسىگە يامىشىپ
چىقتى، بىر بۆلىكى تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. جەڭ قىسقا ھەم
شىددەتلىك بولدى. سانى نەچچە باراۋەر ئۈستۈن بولغان غازاتچىلار
چۇمۇلىدەك يوپۇرۇلۇپ ھەمساتتىلا قوجۇلۇقلارنى قىرىپ تۈگەتتى.
ئاخىرىدا سەككىز - ئونچە غازاتچى قۇدۇق بېشىدا مۇرىسىگە ساداق
ئوقى سانجىلغان، ئەتيانلىرى قانغا مىلەنگەن سۇ بېشى تۆمۈر بۇقىنى
قورشاۋغا ئېلىۋالدى. غازاتچىلارنىڭ بىرى ھۆركىرىگەنچە توپۇزىنى
ھەملە قىلىپ دەۋرەپ بېرىۋىدى، تۆمۈر بۇقا چەبدەسلىك بىلەن ئالدىغا
تىزلىنىپ قىلىچىنى تا سېپىغىچە قارنىغا تىقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن
تەڭ ئارتىدىن كۈچ بىلەن سانجىلغان سۇنگۇ ئۇچ قات كۆندىن ياسالغان
ساۋۇتتىن ئۆتۈپ مەيدىسىدىن بىر غېرىچ تېشىپ چىقتى. غازاتچىلار
يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ تۆمۈر بۇقىنى قىلىچلاپ قىيما - چىيما قىلىۋەت-
تى. شۇكەزدە ساڭرام بوسۇغىسىدا ئىسرىقداننى قۇچاقلاپ ئەجەل
سۆرىگەن سالى بالا پەيدا بولدى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇ-
دەك چەكچىيىپ، پۇتلىرى يەرگە مىخلىنىپ قالدى. ۋۇجۇدىنى غە-
زەپ ئۆرتىگەن بىر مىڭبېشى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئالدىغا
سەكرەپ چۈشتى. ئىسرىقدان سالى بالىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.
شۇكەمزە ئېغىر، ئەگمە قىلىچ ھاۋادا ۋىلىلداپ يالت - يۇلت چاقنى-
دى. سالى بالىنىڭ بېشى چېكىسىدىن ئېڭىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈن-
دى. كېلەڭسىز يەڭ ئىچىدىكى قولىنى كۆكۈيۈن قورۇغاندەك پۇلاڭ-
لىتىپ، ساڭرامنىڭ نەقىشلىك قىزىل ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە سىيرى-
لىپ ئاستا يىقىلدى. باشتا مىڭبېشى، ئارتىدىن غازاتچىلار قىلىچ-
خەنجەرلىرىنى ئويناتقىنىچە ساڭرام ئىچىگە دەۋرەپ كىرىپ كېتىش-

تى.

تاڭلا كۈنى قوزا چۈشتە خىزىر خوجا بىر توپ ھىماتچى سىپاھ-لارنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇجۇ خانلىق ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىيغاچ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلغان، سۇيۇق ساقاللىق بىتى تام-دەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، خىزىر خوجا ھەمراھلىرىنى تاشقىرىدا قالدۇرۇپ ئىچىنى دېۋىتىپ قورۇغا كىردى. قورۇ ئىچىدە شەيخۇل-ئىسلام ئەبۇ نەسىر بىلەن ئىچىدىن چۈشمەي سۈس سالاملاشتى. ياغاچ پەنجىرىدىن ساڭرام ئىچىدە ئەرۋاھلاردەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن غازات-چىلارغا قاراپ ئۈزاق تۇرۇپ قالدى.

— ئالتۇن بۇت تېپىلدىمۇ، تەقسىر؟

ئەبۇ نەسىرنىڭ روھسىز، ناخۇش تۇرقىدىن ھەممە ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ، خىزىر خوجا بوغۇق، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا سورىدى.

— ھەممە جايىنى ساقىت قىلماي تىنتىم. جاھىل مەجۇسلەر ئۆزىنىڭ گۇناھقا پاتقان تېنىدىن باشقا قىل چاغلىق نەرسە قالدۇرماپ-تۇ.

— قۇدۇق - لەخمىلەرگە ئادەم چۈشۈرۈڭ، تام - تورۇسلارنى غۇلىتىڭ، ئالتۇن بۇت يەتتە قات يەر قەرىگە كۆمۈلگەن بولسىمۇ يىگىتلىرىڭىزگە تاپتۇرۇڭ. يەتتە ئىقلىمنىڭ مۇرتەد - مۇشرىكلىرى جۇغلانغان شۇنچىزا چوڭ شەھەردە بىرەر نىمتە بىدئەت بۇيۇممۇ بايقال-ماسمۇ تەقسىرىم.

خىزىر خوجىنىڭ گۆشلۈك يۈزى تارتىشىپ، لىپىلداپ كەتتى. ئەبۇ نەسىر ئۈنچىقمىدى. چۈس مىجەزلىك خىزىر خوجىنىڭ پەسكويغا چۈشۈشىنى خېلى ھازاغىچە ساقلاپ تۇردى. ئاخىر، بۇجغۇر ساقىلىنى سىقىمداپ تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى.

— ساھىبقىران، رەھمان ئىگەم بەندىلىرىنىڭ كۆزىنى روشەن قىلغايكىم، بىزلەر قوينىمىزدا مەككار ھازازۇلنى، زەھەرلىك يىلان-چايانىنى ساقلىغان ئىكەنمىز.

خىزىر خوجىنىڭ چىرايىنى گۇمان، تەئەججۇپ قاپلىدى.

— ئەجەبا، بىزلەردىن كۆپرى خىيانەت ئۆتۈلۈپتىمۇ؟

— بىر ئاي ئىلگىرى ھۇزۇرىمىزدىن غايىب بولغان مۇدەررىس ھاجى باغدادىنى ئۈشبۇ ساڭرام ئىچىدىن بايقىدۇق. بۇددىستلارنىڭ راھىبكالانى بىلەن بىر جايدا جان تەسلىم قىپتۇ. قويىنىدا تىغ يوشۇرغانىكەن. مىڭبېشىلاردىن بىرى ئول بەتبەختنىڭ قولىدا شېھىت بوپتۇ.

خىزىر خوجا كۆزىنى يۇمۇۋالدى. قاندەك قىزارغان قوۋزى قەھر-غەزەپتىن كىرىشكەن چىشلىرىغا ھىمىلىشىپ كەتتى.

— شەررىڭگە لەنەت!

ئۇزاقتىن كېيىن ئەبۇ نەسىرنىڭ قۇلىقىغا يىلان كۇشۇلدىغاندەك پەس، ئاچچىق سادا ئىشىتىلدى.

— بەس، ئىزدەش توختىتىلسۇن، قارغىش تەگكۈر ئۈشبۇ ئىبلىسلارنىڭ ماكانىنى زەبىت — ۋەيران قىلىۋېتىڭلار. شۇنداق قىلىڭلاركى، قىيامەت — ئەرساتقىچە ئادەم ئايىغى باسمايدىغان بولسۇن.

2006- يىل 6- ئاي

本集选录16篇短篇小说

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۇرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۇل ئوسمان

# كەندىرلىكتىكى چۇش

(تارىخىي ھېكايىلار)

ئاپتورى: ۋەلى داۋۇت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 6080 —— 3081

ISBN 978—7—5373—1583—8

باھاسى: 12.50 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 ـ 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

ISBN 978-7-5373-1583-8

9 787537 315838 >

定价：12.50元